ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 3

3

# كارۋان

## — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بالىلىق دەۋرى

ئاپتورى: غۇلام كەرىم
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

3

# كارۋان

— مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بالىلىق دەۋرى

ئاپتورى: غۇلام كەرىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە نامى: ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 3 (3)

كىتاب نامى: كارۋان — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بالىلىق دەۋرى

پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئاپتورى: غۇلام كەرىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالوڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 3.125

نەشرى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2011 - يىلى 3 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 1444 - 2

ئومۇمىي باھاسى: 165.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# كارۋان

(ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياشلىق
دەۋرى ھەققىدىكى تارىخىي قىسسە)

*بۇ ئەسەرىمنى ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» كىتابى يارىتىلغانلىقىنىڭ توققۇز يۈز يىگىرمە يىللىقىغا بېغىشلايمەن.*

— مۇئەللىپ

1

دەلۋە [1] ئېيىنىڭ شىۋىرغانلىق كۈنلىرىدىن يەنە بىرى ئۆتتى. ھاۋا بۇلۇتلۇق، نەم بولغىنى ئۈچۈنمۇ شەھەرگە قاراڭغۇلۇق تېز لا چۈشتى.

خان كوچا ياقىسىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ چىن دىيارىدا

[1] كالېندار ھېسابىدا قىش پەسلىنىڭ ئىكىنچى ئېيى ھىجرىيە يىلىنىڭ ئون بىرىنچى ئېيى.

ئىشلەنگەن ئەينەك سىلىنغان دېرىزىسىدىن سۇس يورۇقلۇق چۈشۈشكە باشلىدى. قەشقەر ھاكىمىنىڭ ئەئيانلىرىدىن بولمىش ھۈسەيىنبەگنىڭ ئوغلى مەھمۇد ئىخچامغىنە ھۇجرىسىدا ئوقۇش بىلەن بەنت ئىدى. پىلىلداپ يېنىۋاتقان شام يىگىتنىڭ قارامتۇل سوزۇنچاق يۈزىنى سۇسقىنە يورۇتۇپ تۇراتتى. شىرە ئۈستىدە مىس دۈۋەت بىلەن قەلەمدان، تەكچىدە بولسا قېلىن تاشلىق كىتابلار تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن كىشى بۇ ئۆيدە بەگزادە ئەمەس، بەلكى بىرەر مۇدەررىس ياشىسا كېرەك، دەپ ئويلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇلۇڭدىكى مەنقەلدە[1] بىر ئوچۇم سەكساۋۇل كۆمۈرى يېنىپ تۇراتتى. كىتابلارنىڭ شىرە مۇقاۋىلىرىدىن تارىلىۋاتقان خۇشبۇي ھىد كۆيۈۋاتقان شامنىڭ ئىسى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

مەھمۇد يەنە ئەرەب تىلى نەھۋىنى[2] تەكرارلاشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى دەرسنى بىر نەچچە قېتىم ياد ئوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىتابنى يېپىپ، ئاۋايلاپ تەكچىگە قويدى ـ دە، سارغۇچ قەغەزلىك خاتىرە دەپتىرىنى قولىغا ئالدى. مەھمۇد بۇ دەپتىرىگە ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن ئاڭلىغان قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرنى خاتىرىلىۋالاتتى. ئەرەبچە ھەرپلەردىن تۈركىي تىلدىكى ئايرىم تاۋۇشلارغا ماس كەلمەيدىغانلىرىغا بەزى بەلگىلەرنى ئۆزىچە ئويلاپ تاپقانىدى.

---

① مەنقەل ــ كۆمۈر قالايدىغان كۆچمە ئوچاق.

② نەھۋى ــ سىنتاكسىس.

«قىزىق، ئەرەب نەھۋىدىكى بىرەر قائىدە تۈركىي تىلغا تەتبىقلانسا، ئەلۋەتتە نامۇۋاپىقسىزلىقتا دۇچ كېلەر، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بەلكى تۈركىي تىلىنىڭمۇ نەھۋى قائىدىلىرى باردۇ؟ ئېھتىمال، بۇ ھەقتە پۈتۈكمۇ پۈتۈلگەندۇر. بۇنى مۇدەررىس ئابدۇرېشىتتىن سوراپ بىلىۋېلىش لازىم.»

دەرۋازا غىچىلداپ ئېچىلدى. خىزمەتكارلارنى ئىشقا بۇيرۇغان ئاۋازدىن، دەھلىزدىكى گۈپۈلدىگەن قەدەم تاۋۇشلىرىدىن مەھمۇد ئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. كۆپ ئۆتمەي بوسۇغىدا ھۈسەيىنبەگنىڭ گەۋدىلىك قامىتى كۆرۈندى. مەھمۇد ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىغا سالام بەردى. ھۈسەيىنبەگ سالامنى ئىلىك ئالدى ـ دە، بېشىدىكى ئاغمىخان تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق، پۈتىدىكى ئۆتۈك ـ مەسە ۋە زەرباب چاپىنىنى سالدى. مەھمۇد دادىسىنىڭ ئۆتۈكىنى قۇرۇسۇن، دەپ مەشكە يېقىنراق قويۇپ قويدى. يۇڭ ئىشتان ۋە گۈللۈك كۆڭلەك بىلەن قالغان بەگ قېلىن قىلىپ سېلىنغان كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەھمۇدقا دېدى:

— خىزمەتكارنى چاقىر، مەنقەلگە كۆپرەك كۆمۈر سالسۇن، «قىش گۈلى ئۈتتۇر».

مەھمۇد «مەن ئۆزۈم قىلاي» دېدى ـ دە، ياغاچ گۈرجەك بىلەن چىلەكتىن بىر نەچچە چوڭ ـ چوڭ كۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ مەشكە سالدى. كۆمۈر كۆچسىز يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆسەيىنبەگ ئوغلىنىڭ ئىشىدىن نارازى بولغاندەك غودۇڭشىدى:

— خىزمەتكارنى چاقىرساڭ بولمامدۇ، كىممۇ سېنى بەگزادە دەيدۇ؟

مەھمۇد ئۇنچىقماي يەنە قومۇش قەلەمنى ئېلىپ دەپتىرىگە نېمىلەرنىدۇر يېزىشقا باشلىدى.

— خوش، نېمە يېزىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ھۆسەيىنبەگ قىزىقسىنىپ.

— ھازىر سىز ئېيتقان «قىش گۈلى ئوتتۇر» دېگەن سۆزنى، — دېدى مەھمۇد كۈلۈمسىرەپ.

— توۋا، ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— شۇ ئۆزۈمچە، — دېدى مەھمۇد ھەييارلارچە مىيىقىدا كۈلۈپ.

ھۆسەيىنبەگ چۈشەنمەي بېشىنى چايقىدى. ئاتا ـ بالا خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھۆسەيىنبەگ نوقۇل سارايدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ھەققىدە سۆزلىدى، مەقسەت ئوغلىغا ساراي ھاياتىغا قىزىقىش پەيدا قىلىش ئىدى. لېكىن، مەھمۇد دادىسىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇنى ئەمەلدارلارنىڭ ئالىمىشىشى، ھاكىمنىڭ قايسىبىر ئەئيانغا مېھرىنىڭ چۈشكۈرلۈقى ياكى قايسىبىر ۋەزىرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى مۇتلەق قىزىقتۇرالمايتتى. ئوغلىنىڭ بىپەرۋالىقىنى كۆرۈپ ھۆسەيىنبەگنىڭ ئاچچىقى

كەلدى.

— مەدرىسىنىڭ توپىسىنى شۇنچە يالغىنىڭ يېتەر دەيمەن. سەن دىمەتلىك بەگزادىلەر ئوردىدا بىر ئوبدان ۋەزىپىلەرنى ئىگىلەپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قېلىشتى. سەن بولساڭ تېخىچە كىتابلىرىڭغا پۈركىنىپ يۈرىسەن.

مەھمۇد مەيۈسلەندى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئەمەس ئىدى.

ھۈسەيىنبەگ ئەسلى ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارساغان شەھىرىدىن بولۇپ، خېلى كۆپ يىللارنىڭ ئالدىدا قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇ خان ئوردىسىدا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تېخىچە ئانچە كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ۋەزىر ۋە بەزى ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغاندەك قارىشاتتى، شۇڭا ئوغلىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ قايغۇراتتى. مەھمۇدنىڭ مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلىشى ساراي ئىشلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى، ئەمدى قاراخانىيلار دۆلىتىدە ساۋاتلىق بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار قەدىرلەنمەكتە ئىدى. ئىلگىرىكى كۆچمەنچىلىك زامانلىرى تۈگىگەن، لېكىن ئوغلىنىڭ ئىلىمگە بۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىشىنى ھۈسەيىنبەگ زادىلا كۈتمىگەنىدى.

مەھمۇد دادىسىدىن ھېيىقسىمۇ، بىر ئاز ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى:

— يەنە بار - يوقى ئىككى يىل قالدىغۇ، تەھسىلنى چالا

قالدۇرۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

— قۇرئاننى بىلىسەن، ئوقۇش، يېزىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ؟

— ھېچبولمىغاندا، يەنە بىر يىل ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئىجازەت بېرىڭ. تېخى كۆپ نەرسىنى ئۆگەنگىنىم يوق.

— ئىجازەت يوق، — دېدى ھۇسەيىنبەگ قەتئىي قىلىپ، — كۆكلەمدىن كېيىنلا مەدرىستىن قەدىمىڭنى تارتقايسەن. بەگ ئوغلىسەن، سېنىڭ ئورنۇڭ خان سارىيىدا. مەن مەھمۇدبەگ پۈتۈن ئۆمرىنى مەدرىسىدە ئۆتكۈزسە ماقۇل دەيدىغان موللا ئەمەسمەن.

## 2

قىشلىق تەتىل تۈگەپ، مەدرىسىنىڭ ھويلىسى يەنە ئاۋاتلىشىپ قالدى.

تۈركىي ۋە چىن مېمارچىلىق سەنئىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن خىشتا سېلىنغان بۇ بىنا ئوردىغا يېقىن، ئەمما تىنچ، جىمجىت جايدا ئىدى.

مەھمۇد ھويلىدا بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىغا ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى ۋە دەرس باشلانغۇچە مەدرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆل بويىدا ئايلىنىپ يۈردى.

كۆپ ئۆتمەي دەرس باشلاندى. بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، ئۇزۇن، ئۇچلۇق ساقاللىق مۇدەررىس ئابدۇرېشىت ئۆتكەنكى

دەرسلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ، ئاندىن يېڭى دەرس ئۆتتى. ئۇ ۋەزنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك سوئاللار يېغىشقا باشلىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەر سۆزلەرنى مۇزەككەر ۋە مۇئەننەسكە ئايرىتىشىدۇ؟[1] — دەپ سورىدى كەينى رەتتە ئولتۇرغانلاردىن بىرى. مۇدەررىس:

— ھەر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مۇزەككەر ۋە مۇئەننەسكە ئايرىتىلىشى ئەرەب تىلىغا خاس ھادىسىدۇر. باشقا كۆپلىگەن تىللاردا بۇنداق ھادىسە كۆرۈلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىر نەچچە سوئاللار مۇھاكىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەھمۇد ئەدەپ بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— ئۇستاز، ئىجازىتىڭىز بىلەن كەمىنە ئۆزۈمنىڭ بىر سوئالىمنى سوراپ باقسام.

— قېنى مەرھەمەت، قانداق سوئال ئىدى ئۇ؟

— ئۇستاز، مەلۇمكى، ئەرەب تىلىنىڭ سەرفنەھۋى[2] ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەر بار. لېكىن، كەمىنە شۇنچە ئىزدەپ تۈركىي تىلىنىڭ سەرفنەھۋ قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن بىرەر كىتابنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇ ھالنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ

---

① مۇزەككەر ۋە مۇئەننەس — ئەرەب تىلىدا ئەر ۋە ئايال جىنسىغا ئائىت سۆزلەر.

② سەرفنەھۋ — گىراماتىكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرسىڭىز.

مۇدەررىس ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بۇخارا، سەمەرقەند مەدرىسلىرىدە تەلىم ئالغان، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن ئىدى. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ ئۆزى بۇ خۇسۇستا زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

«مەھمۇد خېلى ئىجتىھاتلىق يىگىت، — دەپ ئويلىدى مۇدەررىس، — بارلىق ئىلىمدا، بولۇپمۇ تىل ئىلمى ۋە جۇغراپىيەدە ئۇ باشقىلاردىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن. ئۇنىڭ سوئالىغا ئورۇنلۇق جاۋاب بېرىش زۆرۈر».

— قىزىق سوئال سورىدىڭىز، — دەپ گەپ باشلىدى مۇدەررىس ئىنچىكە ساقىلىنىڭ ئۇچىنى تۇتاملاپ، — دەرھەقىقەت، تۈركىي تىلىنىڭ سەرفىنەھۋى ھەققىدە تېخى بىرەر يازما يوق. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئىزاھلايمەن. سەرفىنەھۋى قائىدىلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ۋە قۇرئاننى چۈشىنىش بىز ئۇچۇن ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ئۆز تىلىمىزنى تۇغۇلغان كۈنىمىزدىن باشلاپلا ئاتىمىز بىلەن ئانىمىز ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن تۈركىي تىلىنىڭ سەرفىنەھۋ قائىدىلىرىنى مەخسۇس كىتاب قىلىپ چىقىشقا زۆرۈرىيەت بولمىغان.

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مىسال ئۇچۇن ئالساق، بىرەر ئەرەب تۈركىي تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئەرەب قانداق يول تۇتقۇسىدۇر؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد جاۋابتىن قانائەت

تاپمىغاندەك.

تالىپلار ئارىسىدا يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ــ ئەرەب نېمە قىلسۇن تۈركىي تىلىنى؟!

ــ قۇرئان تۈركىي تىلدا چۈشمىگەنغۇ؟

ــ مەلۇمكى، سەرفىنەھۋى قائىدىلىرى ئاساسەن يازما ئەسەرلەر ئۈچۈن يېزىلىدۇ، ــ دېدى مۇدەررىس، ــ بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇنداق ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەرەبلەر شۇنىڭدەك پارسلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشنى تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىندۇر.

ــ تەشەككۇر، ئۇستاز! ــ دېدى مەھمۇد.

## 3

دەرس تۈگىگەندىن كېيىن تالىپلار تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىشتى. مەھمۇد ساي بويىغا قاراپ ماڭدى. ئەتراپتا ئۆزگىرىشچان باھا ھاۋاسى ھۆكۈمران ئىدى. بايىلا شارقىراپ ياغقان يامغۇردىن كېيىن چاڭ ـ توزان بېسىلغان، ھاۋا سۈزۈلگەنىدى.

مەھمۇد يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن خىلۋەت كوچىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتتى ـ دە، دەرۋازا ئارقىلىق شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى. تۆۋەندە بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان ساي سۈيى كۆرۈندى.

ھۆل ـ يېغىن نەتىجىسىدە سايىنىڭ سۈيى كۆپەيگەن، ھەتتا

قىرغاقتىكى قورام تاشلارنى پۈتۈنلەي سۇ بېسىپ كەتكەنىدى.

ساي بويىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. سوغىچىلار، ئايالار، بالىلار چېلەك ياكى كوزا كۆتۈرۈپ سۇ ئالغىلى كېلىشەتتى. سوغىچىلار سۇنى باي، دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭكىگە توشۇشاتتى.

مەھمۇد تاش - شېغىللىق گىرۋەككە كېلىپ، پېيىمىسىغا چاپلىشىپ قالغان لايلارنى قىيقىپ چۈشۈردى. ئاندىن ئۇ قانداقتۇر بىر يېزىقلار ئويۇلغان چوڭ قورام تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. يا ئەرەب، يا ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە پۈتۈكنى پۈتۈن قەشقەردە ھېچكىم ئوقۇيالمايتتى. لېكىن، بەزىلەر ئۇنى پارسلار ئەفراسىياب دەپ ئاتىغان تۈرك خاقانى ئالپ ئەرتۇڭا يازدۇرغان، دەپ تەخمىن قىلىشاتتى.

«بۇ پۈتۈكلەر تۈركىي تىلدا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد، — كونا يېزىقىمىز ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئەل - يۇرت ئىچىدە بۇ پۈتۈكلەرنى ئوقۇيالايدىغان بىرەر ئادەم بولمىسا كېرەك».

مەھمۇدنىڭ قورام تاش ئالدىغا پات - پات كېلىپ، سائەتلەپ ئويلىنىپ تۇرۇشى قەشقەردە تۈرلۈك گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. «تاشقا تىلسىم پۈتۈلگەن. مەھمۇد ئۇنى ئوقۇپ بايلىققا ئىگە بولماقچى» دېگەن گەپلەر چىققانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇدنىڭ ساۋاقداش - دوستلىرى ئەجەبلىنىپ: «راستىنلا شۇنداقمىدۇ؟» دەپ سوراشقاندا مەھمۇد كۈلۈمسىرەپ: «مەن بۇ تاشقا نېمە دەپ پۈتۈلگىنىنى بىلمەيمەن. لېكىن،

مېنىڭدە شاھ خەزىنىسى بولغان بولسا ئىدى، ئەنە شۉنداق پۉتۉكلەرنى ئوقۉشنى ماڭا ئۆگىتىدىغان ئادەمگە پۉتۉن بايلىقىمنى ھەدىيە قىلىۋېتەتتىم» دېگەن ئىدى.

قىزلارنىڭ جاراڭلىق كۉلكىسىدىن مەھمۉدنىڭ خىيالى بۆلۉندى. قىزلار قوللىرىدىكى كوزىلارنى ئاۋايلاپ تۉتقىنىچە گاھ كۉلۉپ، گاھ قوشاق ئېيتىپ مېڭىشاتتى. ئۉلارنىڭ ئاددىي - ساددا كېيىنىشلىرىدىن كاسىپلار مەھەللىسىدىن ئىكەنلىكلىرى بىلىنىپ تۉراتتى.

ياغمۉر ياغۉپ ساچىلدى،
تۉرلۉك چېچەك سۉچۉلدى.
ئىنجۉ قاپى ئاچىلدى،
چىندىن يىپار يۉغدۉشۉر[1].

مەھمۉد دەرھال جىلتىسىنى ئېچىپ، دەپتەر - قەلىمىنى ئالدى. قىزلار بولسا پەرۋا قىلماي يېنىدىن ئۆتۉپ كېتىشتى. مەھمۉد بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا دەپتىرىنىڭ بىر نەچچە بېتىنى يېزىپ تولدۉردى، ئاندىن قىزلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. قىزلار ساي بويىدا خېلىغىچە تۉرۉپ قېلىشتى. ئۉلار كۉلۉشۉپ بىر - بىرىگە سۉ چېچىشاتتى. كېيىن كوزىلىرىنى يەلكىلىرىگە قويۉپ ئارقىلىرىغا يېنىشتى. قىزلار تاشلىق چىغىر يولدىن چاققانلىق

① مەزمۉنى: يامغۉر تامچىلىرى چېچىلدى، ھەرخىل گۉللەر ئېچىلدى. ئۉنچە - مەرۋايىت قاپلىرى ئېچىلدى. چىندىن ئىپار، يەنى ئەتىر ھىدى پۉرىدى.

بىلەن شۇنداق تېز يۈرەتتىكى، كوزىدىكى سۇ چايقىلىپ ئۇستىلىرىگە تۆكۈلىسىمۇ پىسەنت قىلىشمايتتى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا مەھمۇد كۆلۈمسىرەپ بايىقى قوشاقنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

ياغمۇر ياغۇپ ساچىلدى،
تۆرلۈك چېچەك سۇچۇلدى ...

قىزلار توختاپ، ھەيران بولغىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مەھمۇد بولسا قوشاقنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇۋەردى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پىچىر ـ پىچىر باشلاندى.

— ۋۇي، بىز ئېيتقان قوشاقلارغۇ؟!

— بۇ بالا قانداق بىلىۋالغاندۇر بۇلارنى؟

ئۇلار ئىچىدىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئون بەش ياشلاردىكى خۇش پىچىم ۋە بۇغداي ئۆڭ قىز مەھمۇد تەرەپكە قاراپ بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭدى.

— ھەي ئوغۇل، بىزنىڭ قوشاقلىرىمىزنى بىردەمدىلا قانداق يادلىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ. يىگىت ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلدى.

— كۆرمەيۋاتامسەن؟ سىلەر قوشاق ئېيتىپ ئۆتكەندە قەلەم بىلەن دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم. ئەمدى ئۇ قوشاقلار ماڭۇ قەغەزگە چۈشۈۋالدى.

قىز ئىشەنمەي قايرىلما قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويىدى. ئۇ قوشاقلارنىڭ قەغەزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئەقلىگە زادىلا سىغدۇرالمىغان بولسا كېرەك.

— قانچە ۋاقىت تۇرىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئون يىللاپ، يۈز يىللاپ تۇرۇشى مۇمكىن. سەن بىلەن مەن ئۆلۈپ كېتىمىز، لېكىن ئۇلار تۇرىۋېرىدۇ. يۈز يىلدىن كېيىنمۇ ساۋاتلىق ئادەم مانا بۇ قەغەزگە قاراپ سەن ھازىر ئېيتقان قوشاقلارنى تەكرار ئېيتىشى مۇمكىن.

قىز بىر ئاز چۈشەنگەندەك بولدى. ھەتتا نېمىدىندۇر پەخىرلەنگەندەك ئىدى.

— مەنچۇ، قوشاقلاردىن قانچە - قانچىسىنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ.

— كىم ئۆگەتتى ساڭا ئۇلارنى؟

— ئۇلارنىڭ كۆپىنى ئانامدىن ئۆگەنگەنمەن، زورۇر تېپىلسا ئۆزۈممۇ ئىچىمدىن چىقىرىپ ئېيتىۋېرىمەن.

— ئىچىدىن چىقىرىپ قوشاق ئېيتىدىغان كىشىلەرنى شائىر دەپ ئاتىشىدۇ. سەن شائىر ئىكەنسەن، — دېدى مەھمۇد.

قىز بۇنداق غەلىتە سۆزنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى چېھرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— شائىرلىق ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەھمۇد، — شائىرلارنىڭ ئىچىگە پەرىشتە كىرىۋېلىپ، قوشاقلارنى ئاشۇ ئېيتىپ بېرىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

كوزىلىرىنى يەرگە قويۇپ، سەل نېرىراقتا قاراپ تۇرغان قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ــ ھە، ئايكۈمۈشنىڭ ئىچىدە پەرىشتە بار ئىكەن.

ــ قېنى، چىقىرىپ بىزگىمۇ كۆرسەتكىنە؟

چەبدەس مەھمۇد يەنە بىر قانچە قوشاقنى ئۇلاردىن سوراپ يېزىۋالدى ۋە شۇ ھامان ئوقۇپ بېرىپ قىزلارنى تېخىمۇ ھەيران قىلدى.

قىزلار كوزىلىرىنى يەلكىلىرىگە ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا مەھمۇد ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئايكۈمۈشكە دېدى:

ــ يەنە يېڭى قوشاقلارنى ئۆگىنىپ تۇر، ئۇچرىتىپ قالسام ئۇلارنى دەپتىرىمگە يېزىپ ئالغايمەن.

## 4

مەھمۇد ئەرەب تىلىنىڭ نەھۋى قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەچ ئۆزىچە ئۇلارنى تۈركىي تىلغا تەتبىقلاپ باقاتتى. كۆنلەر ئۆتكەنسېرى تۈركىي تىلىنىڭمۇ ئۆز نەھۋى قائىدىلىرىنىڭ بارلىقىغا گۇمان قىلمىدى. مەھمۇد ئۆزى كەشىپ قىلغان بەزىبىر نەرسىلەرنى تەرتىپلىك يېزىپ چىقماقچى بولدى. يېزىلغۇسى كىتابقا ئۇ «تۈركىي تىلنىڭ نەھۋى قائىدىلىرى» دەپ نام قويىدى. خېلىدىن بېرى توپلاپ كەلگەن تۈركىي مەتنلەردىكى[1]

[1] مەتنلەردىكى ــ تېكىستلەردىكى.

سۆزلەرنى ئاۋۋال پېئىللارغا ۋە ئىسىملارغا ئايرىشنى لازىم تېپىپ، ئىشنى شۇنىڭدىن باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ دەرستىن چۈشۈپ، شاگىرتلار تارقالغاندىن كېيىن چاپىنىنى كىيىۋاتقان مۇدەررىسكە تارتىنغان هالدا يېقىنلاشتى.

— مەندە ئىشىڭىز بارمۇ، مەهمۇد؟ — دەپ سورىدى مۇدەررىس ئابدۇرېشىت.

— هە، ئۇستاز، كەمىنە تۈركىي تىلىنىڭ نەھۋى[1] خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ئۆزۈمچە بەزىبىر نەرسىلەرنى يازغان ئىدىم. شۇلارنى كۆرۈپ بىر مەسلىھەت بەرسىڭىز، بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرايمۇ ياكى كەمىنىنىڭ بۇ جۈرئىتى بىرەر نەتىجە بەرمەي قالارمۇ؟

مەهمۇد شۇنداق قىلىپ، قولىدىكى دەپتەرنى مۇدەررىسكە ئۇزاتتى. مۇدەررىس ئابدۇرېشىت ئالدى بىلەن كۈمۈش رەڭ سەللىسىنى ئىنچامراق ئوراپ، بېشىغا كىيدى ـ دە، ئاندىن دەپتەرنى ئېلىپ، كۆزدىن كەچۈردى. سەھىپىلەرنى ۋاراقلاۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆسكىلەك قاشلىرى يىمىرلىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەهمۇد ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئوخشايدۇ. هېلىقى كۈنى مەهمۇد بىكارغا سوئال سورىماپتىكەن ـ دە! لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولاركىن؟ مەهمۇد شۈبهىسىز زور ئىستېدات ئىگىسى، ئەمما تىل ئىلمى ساھەسىدە

① نەھۋى — سىنتاكسىسلىق.

ئالغان بىلىملىرى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. قەشقەر مەدرىسىدە تەھسىل ئېلىپ، تىل ئىلمىدە كامالەتكە يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇستاز. ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆزىمۇ چەت ئەللەردە نەچچە يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. لېكىن، مەھمۇدنىڭ قەلبىدىكى ئۇمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرمەسلىك زۆرۈر، بەلكى ئۇ كېلەچەكتە ئۆزىنىڭ قۇتلۇق ئارزۇسىنى رويابقا چىقىرار. شۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا ئىرادە باغلىغان تالىپ ئۇنىڭ شاگىرتى بولسا بۇ نېمىدېگەن شەرەپ!

— ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇش قىپسىز، مەن سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — دېدى مۇدەررىس، — مەسلىھەت سورىغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت! ئىلىم ۋە شېئىرىيەتنىڭ شام چىراغى بولمىش يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەيتۇرلەر:

نەكى ئىش قىلماگىل، كىشىگە كېڭەش،
كېڭەشسىز كىشىنى تۇتما دوست، ئاداش.
كېڭەشكىل هەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن،
مۇراد بەرگەن ئىشتا مەسلىھەت سوراش.

شۇنى چۈشەندىمكى، نىيىتىڭىز قەتئىيدۇر، بۇ ئىنتايىن خۇشاللىنارلىق ئىش. سىزدىن مەن هەر قانداق ياردەمنى ئايىمايمەن. چۈنكى، سىز باشلىغان ئىش شۇنداق كاتتىكى، بۇ خەيرلىك ئىشتا سىزگە مۇپەسسەل يولىيورۇق بېرەلەيدىغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىردىنبىر كىشىنى بىلۇرمەن. ئۇ كىشى تۈركىي تىلنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق بىلىمدانى يۈسۈپ بالاساغۇنىدۇر. ئۇ ھەزرەت بىر مەزگىل قەشقەردىمۇ ياشىغان. شۇ چاغدا كەمىنە ئاشۇ ئالىم بىلەن سۆھبەتلىشىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى دانا كىشى ئىدى. كېيىن ئۇ بالاساغۇنغا باردى. ئۆز كىتابلىرىنى مەشرىق زېمىنىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان ۋە خان ھەزرەتلىرى ئۇ كىشىنى خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بىلەن تەقدىرلىگەن. ئۇ زات ھازىر بالاساغۇندا خان دەرگاھىدا ئىستىقامەت قىلماقتا. ئاڭلىشىمچە، ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا يەنە بەزىبىر شائىرلار تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ. پىكرىمچە بالاساغۇنغا بېرىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئادەمدىن يوليورۇق سورىماق سىز ئۈچۈن پەرزدۇر. ئىشىنىمەنكى، ئۇ كىشى بەرگەن مەسلىھەتلەر سىز ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولۇر ۋە ئالدىڭىزدا تۇرغان چىگىشلىكلەر ھەل قىلىنۇر.

مەھمۇد بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئۇستاز، مەن شۇنداق ئۇلۇغ كىشى بىلەن ئۇچرىشىشقا قانداقمۇ بارالارمەن؟ — دېدى.

ئابدۇرېشىت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— قورققان كىشىگە قوي بېشى قوش كۆرۈنەر، دېگەن گەپ بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىمگە ئىنتىلگەن كىشىنى ئۆز ئوغلىدىنمۇ كۆپرەك ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭغا مېنىڭ ئىشەنچىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كامىل. سىز كىتاب يېزىش نىيىتى بىلەن بارسىڭىز بۇ ئۇ ھەزرەت ئۈچۈن مەككىدىن شەيخ كەلگەندىن ياخشىراقتۇر.

ئەتىل ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكىمۇ تاقىتى يەتمەي، مۇدەررىستىن بىر ئايلىق رۇخسەت سورىغان مەھمۇد بالاساغۇن سەپىرى ھەققىدە يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ دادىسىغا گەپ ئاچتى. ھۈسەيىنبەگ دەسلەپىدە ھەيران بولدى.

— بالاساغۇن؟! نېمە قىلىسەن ئۇ يەردە؟

— يازماقچى بولغان كىتابىم ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن يولىيورۇق سوراش نىيىتىدىمەن ...

— ۋاھ، كىتاب يازماقچىمەن دەمسەن؟ — تېخىمۇ ھەيران بولدى ھۈسەيىنبەگ.

ئۇ ئوغلىنىڭ كىتاب يېزىشتەك بىھۇدە ۋە پايدىسىز ئىشلارغا كىرىشىشىنى زادىلا ئارزۇ قىلمىغان ئىدى. ئوغلى ئەقىللىق بولۇپ ئۆستى، بىلىمى ئاشتى. ئەمما، بەگلىك، ھېچبولمىسا سارايدا كاتىپلىقنى ھەۋەس قىلىشنىڭ ئورنىغا كىتاب يېزىش خىيالىغا كەپتۇ.

لېكىن، ھۈسەيىنبەگ يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەن دانىشمەن شائىرنىڭ قانداقتۇر بىر كىتاب پۈتۈپ، ئۇنى خانغا تەقدىم قىلغانلىقى ۋە تەقدىرلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۆز ئوغلىمۇ شۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەرگە مەنزۇر بولىدىغان كىتاب يازسا ۋە تەقدىرلەنسە ئەجەب ئەمەس! ...

مەھمۇدنى كىتاب يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ھېسلاردىن

پۇتۇنلەي بىخەۋەر ھۇسەيىنبەگكە بۇ ئىش ئوغلىنى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى.

— بەللى ئوغلۇم، تاي ئۇلغايسا ئات تىنار، ئوغۇل ئۇلغايسا ئاتا تىنار، — دېدى ھۇسەيىنبەگ، — يۇسۇف خاس ھاجىپ خېلى تونۇلغان كىشى. يېزىۋاتقان كىتابىڭنى ئۇ كىشىگە ئېلىپ بېرىپ كۆرسەت. ياقتۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

مەھمۇد دادىسىدىن ئاسانلا رازىلىق ئالغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز خۇش بولدى. ھۇسەيىنبەگ يەنە نەسىھەت قىلدى:

— ئەگەر ئۇلۇغ ھاجىپ ساڭا خان سارىيىدىن بىرەر خىزمەتنى تەكلىپ قىلسا، باش تارتىپ يۈرمە. بۇغراخان سارىيىدا خىزمەت قىلىش سېنىڭدەك يىگىتلەر ئۈچۈن چوڭ بەخت. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بالاساغۇندا ئالىي ھەزرەت دەرگاھىدا بىرەر ۋەزىپىدە ئىشلىسەڭ، مېنىڭمۇ قەشقەردە ئابرۇيۇم يۇقىرى بولىدۇ!

يىگىت بۇنداق ئوي - پىكىرلەردىن يىراق بولسىمۇ، «خوپ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەھمۇد يولغا چىققان كۈنى ھۇسەيىنبەگ «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» دەپ، يۈگەن سېلىنغان جەرەن ئات بىلەن دەمەشىقلىق سودىگەردىن سېتىۋالغان ھەشىشى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان پولات تىغلىق خەنجەرنى سوۋغات قىلدى.

— بۇ دۇنيادا كىشى ئىككى نەرسە، يەنى تىغ ۋە ئالتۇن بىلەن ھۆكۈمدار بولالايدۇ. بۇ ئىككى نەرسىگە ئىگە بولساڭ، بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن قولىغا كېلىدۇ. كىتاب يېزىشىڭغىمۇ ھېچبىر ھاجەت قالمايدۇ. ئەكسىچە باشقىلار ئۆز كىتابلىرىنى ساڭا بېغىشلايدۇ. بۇ سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭغا قويۇپ ئالغىن، ئوغلۇم.

5

كارۋان قەشقەردىن چىقىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە ۋادىدا يول يۈردى. تازا ياز مەزگىلى بولغاچقا، تاغدىن كېلىۋاتقان لەرزان شامال مېۋە ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى ھەر تەرەپكە تارقىتاتتى. يولدا پات - پاتلا يېزا - كەنتلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى باغ - ۋاران، ئېتىزلار بىلەن ئورالغانىدى.

كارۋان يۈزدەك تۆگىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارغا ئاساسەن سودىگەرلەرنىڭ يۈكلىرى ئارتىلغان ئىدى. ئەڭ ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى تۆگىگە ئېسىلغان قوڭغۇراق - كولدۇرمىلار بىر خىلدا جاراڭلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئات، ئېشەك مىنگەن يولۇچىلارمۇ بار ئىدى. چۈنكى، يەككە ھالدا سەپەر قىلغاندىن كۆرە، كۈزەتچىلار ھىمايىسىدىكى كارۋان بىلەن يۈرۈش بىخەتەر ئىدى.

بېشىغا ئاق قالپاق، ئۇچىسىغا تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان چەكمەن كىيگەن خۇش پىچىم مەھمۇد جەرەن ئات ئۈستىدە قويۇپ

قـوٌيغانـدەك ئـولـتـۇراتتى. بىرىنچى قېتىم سەپەرگە چىققان يىگىتكە كارۋان بەكمۇ مىسىلداپ مېڭىۋاتقانـدەك تۇيۇلدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ پات ـ پات ئېتىنى يورغىلىتىپ كارۋانـدىن ئىلگىرىلەپ كېتەتتى. بىرەر يېرىغا يېتىپ كەلگىنىدە توختاپ، كارۋاننىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. بەزىدە ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان غەلىتە گەپ ـ سۆزلەرنى دەپتەرگە يېزىپ قوياتتى.

سەپەر داۋامىدا ئۇ ئايكۈمۈشنى كۆپ ئويلىدى. قايتا ـ قايتا ئېيتىۋېرىپ ئۇنىڭ قوشاقلىرى ياد بولۇپ كەتكەن ئىدى. قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى قۇلىقى يېنىدا جاراڭلاۋاتقانـدەك سېزىلەتتى. ساي بويىدىكى تاسادىپىي تونۇشۇشتىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشقان ئىدى. مەھمۇد سەپەر ئالدىدىمۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئىمكان تېپىپ ئايكۈمۈش بىلەن خەيرلەشكەن ئىدى. ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلمەيدىغان بۇ ساۋاتسىز قىزنىڭ شۇنچە كۆپ قوشاقلارنى بىلىشى يىگىتنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ يول بويى ئايكۈمۈشنىڭ قوشاقلىرىنى پەس ئاۋازدا ئېيتىپ باراتتى. تومۇز ئىسسىقتا بۇلۇتلۇق كۈن، يامغۇر ھەققىدە كۈيلەۋاتقانلىقى ھەمراھلىرىغا غەلىتە تۇيۇلۇپ، كۈلۈشكە باشلىدى:

— سەپىرىمىز ئۆزى شۇنداق مۈشەققەتلىك تۇرسا، سەن يەنە بوران، يامغۇرلارنى خالاۋاتامسەن؟ — دەپ ھەزىل ئارىلاش گەپ قىستۇردى ئاردىن بىرى.

مەھمۇد قىزاردى، لېكىن ئۈندىمىدى. چۈنكى، ئايكۈمۈش

ھەققىدە بىرەرىگە دەپ يۈرۈشكە بولمايدۇ - دە. يىراق سەپەر ئەمدىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئايكۇمۇشنى قاچان كۆرەرمەن دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، دائىم مېھرىلىك پارلاپ تۇرىدىغان كۆزلەرنى، بوستان كەبى قاپقارا چاچلارنى، گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك گۈزەل قامەتنى، سېھىرلىكچى ئاۋازنى ئۇنتۇش مۇمكىنمۇ؟!

چەكسىز تۈزلەڭ تۈگەپ، تاغ ئارىسىدىن ئېلىنغان چىغىر يول باشلاندى. ھەيۋەتلىك قىيالار ئارىسىدىكى بۇ تاشلىق يول ئەگرى - بۈگرى بولۇپ سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. تاغ باغرىلىرىنى ياۋا جىگدە، دولانا، ئارچىغا ئوخشاش تۈرلۈك - تۈمەن ئۆسۈملۈك ۋە چىغانلار قاپلىۋالغان، ئوتلاقلاردا توپ - توپ يىلقىلار، قارا ماللار، قوي - ئۆچكىلەر ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. كارۋان تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى يولۇچىلارمۇ، مال بېقىپ يۈرگەن پادىچىلارمۇ كەم ئۇچراشقا باشلىدى. كارۋانبېشى كۈزەتچىلارنى يولنىڭ بۇ بۆلىكىدە تېخىمۇ ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇردى. ھەممىلا ياق جىرا ۋە يارلىقلار، چاتقاللار قىيالار بىلەن قاپلانغان بۇ جايلاردا قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولۇش ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

بالىلىقىدىن كەڭ تۈزلەڭلىكنى، ئوچۇقچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان مەھمۇدقا تاغ جىرالىرى ئانچە ياقمىدى. ھەيۋەتلىك قىيالار بولسا ئۇنىڭغا قەپەستەك تۇيۇلدى. لېكىن، يىگىت يول ئازابلىرىغا خېلىلا كۆنۈك ئىدى. ھەتتا قونالغۇلاردا يۈكلەرنى چۈشۈرۈش، تاغ جىلغىلىرىدا تولۇملارنى سۇغا تولدۇرۇش

قاتارلىق ئىشلاردا تۆگىچىلەرگە ياردەملەشتى. باي، دۆلەتمەن سودىگەرلەر بولسا بۇنداق پەيتلەردە ئۆزلىرىنى كارۋان سارايىنىڭ سالقىن ئۆيلىرىگە ئېتىپ، ئوبدان غىزالىنىپ، دەم ئېلىشقا تىرىشاتتى.

ئۇلار بىر نەچچە كۈن شۇ تەقلىدتە يول يۈرۈشتى. مەھمۇد خېلى جۇدەپ، بۇغداي ئۆڭ يۈزلىرى تاغ شامىلىدىن قارايدى. بالاساغۇنغا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ، كارۋاندىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتى. تاغ يولى ئۇنى شۇ قەدەر ھاردۇرۇپ قويىدىكى، كېيىنگە قايرىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

مەھمۇد قارا خانىيلارنىڭ پايتەختى مەشھۇر بالاساغۇن شەھىرى دەرۋازىسىدىن كىرگەندە كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت ئىدى. شەھەرگە كىرىپ - چىقىۋاتقان يولۇچىلار ۋە كارۋانلار بىلەن كوچا تولۇپ كەتكەنىدى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئادەملەر توپى ئارىسىدا ھەرخىل تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر بار ئىدى. مېۋە - چېۋىلەر قاچىلانغان سېۋەتلەر ئارتىلغان ئېشەكلەرنى يېتىلىۋالغان دېھقانلار، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، توپ - توپ قوي، ئۆچكىلەرنى ساتقىلى ھەيدەپ ماڭغان كۆچمەنچىلەر، تىلەمچىلەر، دەرۋىشلەر ... ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

بىردىنلا توپ ئارىسىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ بىر - بىرىگە: «خان!»، «خان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتىدۇ!» دېگىنىچە، كوچىنىڭ ئىككى چېتىگە قېچىشقا باشلىدى. مەھمۇد كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاتلىق ياساۋۇللارنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۇزۇن تاياقلىرى بولۇپ، توپلانغان ئادەملەرنى تارقىتىپ، يول ئېچىپ كېلىشىۋاتاتتى. زەر تون كىيگەن، يوغان كۈمۈش رەڭ سەللە ئورىغان بىر ئەمەلدار بولسا ياساۋۇللارنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى:

— ھەي پۇقرالار، تەزىم قىلىڭلار! مەشرىق يەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى، ئاپتاپى ئالەم قاراخانى بۇغراخان ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋاتىدۇ! ...

يولنىڭ ئىككى چېتىگە چىقىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى تىز پۈكتى، بەزىلىرى ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. مەھمۇد ئېتىنى چەتكە بۇيرۇدى. باشقا ئاتلىقلارنىڭ ئاتتىن چۈشكىنىنى كۆرۈپ ئۇمۇ ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى ۋە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە خاننىڭ كېلىشىنى كۈتتى. قاراخانى بۇغراخان بىر گۇرۇھ ھەمراھلىرى ۋە كۆزەتچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە زور دەبدەبە بىلەن شەھەرگە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. مەھمۇد كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالدى.

— خانىمىز بۇخارا ئەلچىسى شەرىپىگە ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئوۋغا چىققانىدى. بۈگۈن يېنىپ كەپتۇ.

— ئىككى ھەپتىلىك ئوۋدىن كېيىن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا ئېتىلمىغان كېيىك قالمىغاندۇ؟

— نېمە دېگىنىڭ بۇ! توختىماي ئۇدا ئۇۋلىغاندىمۇ ئىسسىقكۆلنىڭ كىيىكلىرىنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بىلەمسەن؟

بۇغراخان يېقىنلاشقاندا مەھمۇد ئۇنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىشقا ئىنتىلدى. خان يوغان، سېمىز كەلگەن، يالپاق يۈزلۈك ئادەم ئىكەن. ئۇ ياسىداق ئات ئۈستىدە ناھايىتى سىپايە كۆرۈنەتتى. خاننىڭ ئۇچىسىدا زەر چاپان، بېشىدا پارقىراق ئۈنچە - مەرۋايىتلار قادالغان سەللە، پۇتىدا قىممەت باھالىق تاشلار ئورنىتىلغان ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ توپىلانغان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، ۋەزىر ھەم ئەلچىلەر بىلەن نېمە توغرىسىدىدۇ سۆھبەتلىشىپ باراتتى. كۆزەتچىلار پولات ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلار كىيگەن بولۇپ، قوللىرىغا ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار دۇبۇلغىسىغا ئېسىپ قويۇلغان قىزىل چۇجىسى بىلەن باشقا لەشكەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

خان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى تېزلا ساراي تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرى بىرقانچە ھارۋىغا بېسىلغان ئولجىلارنى ئېلىپ ئۆتۈشتى. بۇ ئولجىلارنىڭ ئارىسىدا كىيىكلەر، توشقانلار، غازلار، ئۆردەكلەر دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. ئالاھىدە ھارۋىغا بولسا چوڭ بىر ئېيىق جەسىتى بېسىلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا كىچىك - كىچىك ئۈچ ئېيىق بالىسى تۇراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئانىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بالىلىرىنى تىرىك پېتى تۇتۇۋېلىشقانىدى. لەشكەرلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كوچىدا ھەرىكەت يەنە جانلاندى.

## 6

مەھمۇد تۇنجى قېتىم ئۇچرىغان كارۋان سارايغا باردى. مۇساپىرلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كارۋان ساراي ئىگىسى پەقەت زور مىقداردا ھەق بەرگەنلەرگىلا جاي بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەھمۇد نائىلاج ماقۇل بولۇپ، جەرەن ئېتىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ باغلىدى. ئاتباقارغا بىر تەڭگە بېرىپ، ئۇنىڭ بوغۇز ۋە سۈيىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. ئاندىن خورجۇنىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، كونىراپ كەتكەن كۆرپىلەر سېلىنغان، خىرە يورۇق بىر ھۇجرىغا كىردى. ئۇ ياخشىراق ھۇجرىغا يۆتكىلىۋېلىشنى خالىغان بولسىمۇ، لېكىن سارايۋەنىنىڭ يەنە قوشۇمچە ھەق تەلەپ قىلىشىنى ئويلاپ، خورجۇننى ئۆيىنىڭ بىر چېتىگە قويدى. ئاندىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، بازار تەرەپكە يول ئالدى.

مەھمۇد بالاساغۇن بازىرىنى ئاداشماي تېزلا چاپتى. چۈنكى، بازارغا ئېلىپ بارىدىغان كوچىلار دائىم يولۇچىلارنىڭ تولىلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى.

بالاساغۇن بازىرى قەشقەرنىڭ بازىرىدىن خېلىلا چوڭ ئىكەن. سودا ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك رەستىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. مەھمۇد رەستىلەرنى، دۇكانلارنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىشتىنمۇ كۆرە، ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە كۆپرەك قۇلاق سالاتتى. بالاساغۇنلۇقلار ئاساسەن، تۈركىي ۋە سوغدى تىللىرىدا

سۆزلىشەتتى. كىتابلار سېلىنغان بازارنى كۆرۈپ مەھمۇد جانلىنىپ كەتتى. دۇكانلارنىڭ قاتار ـ قاتار تەكچىلىرىدە ۋە يەردە مىڭلاپ چوڭ ـ كىچىك كىتابلار تىزىپ قويۇلغانىدى. مۇقاۋىچىلىق دۇكانلىرىمۇ بار ئىدى. خالىغان كىتابنى كۆچۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن خەتتاتلارغا بۇيرۇتما بەرسە بولىۋېرىدىكەن. بۇ بازاردا ئوقۇرمەنلەر ۋە كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. مەھمۇد كىتاب دۆۋىسىگە ھەيران بولۇپ، زوقلىناتتى. ھەربىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ كۆرگۈسى، نېمە توغرىسىدا يېزىلغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. سودىگەرلەر بولسا كىتابلارنى ماختاپ سېتىۋېلىشقا ئۈندەشەتتى. تۈركىي يېزىقتا يېزىلغان بىر نەچچە قىممەتلىك كىتابنى سودىلاشمايلا سېتىۋالغان مەھمۇد ئەرەبچە پۈتۈلگەن ئەسەرلەر ئارىسىدىن سىباۋەيھىينىڭ كىتابىنى ئىزدىدى. مۇدەررىس ئابدۇرېشىتنىڭ تالىپلارغا: «ئەرەب سەرفنەھۋىنى ھېچبىر ئالىم بەسرەلىك ئەس ـ سىباۋەيھىيدەك مۇپەسسەل يازالمىغان. ئەسلى ئىرانلىق بولغان بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ كىتابى شۇ قەدەر تولۇق ۋە كەم ـ كۈتىسىزكى، كېيىنكى ئالىملار ئۇنىڭغا پەقەت ئانچە ـ مۇنچە نەرسىلەرنىلا قوشالىدى. ئەرەب سەرفنەھۋىدىن مەدرىس ۋە مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك يازغان مۇدەررىسلەرمۇ ئاساسەن شۇ كىتابتىن پايدىلانغان» دەپ ئېيتقانلىرى يىگىتنىڭ مېڭىسىگە قاتتىق ئورنىشىپ قالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھمۇد تەكچىلەرگە يۆلەپ ئەرەبچە كىتابلار تىزىپ قويۇلغان بىر دۇكانغا كىردى. ئوتتۇز ياشلاردىكى دۇكاندارنىڭ قاڭشالىق بۇرنى، سوزۇنچاق يۈزى ۋە كىيىنىشلىرىدىن ئەرەب ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەھمۇد ئۇنىڭدىن تۆت پارچە دىۋان سېتىۋالدى. ئۇ ھەربىر كىتابنى تاللىغاندا دۇكاندار مۇئەللىپ ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قوياتتى. مەھمۇد ئۇنىڭ بىلەن ئەرەبچە سۆزلەشتى.

— ئەرەبچە گەپنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز، — دېدى دۇكاندار، — سۆزىڭىزدە ۋە تەلەپپۇزىڭىزدا خاتالىق يوق دېيەرلىك.

مەھمۇد يەنە بىر قانچە نەسرىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن ئەل - جاھىزنىڭ بىر كىتابىنى خەتنى كۇفىي[1] يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قۇرئاننى سېتىۋالدى. بۇنى ئۇ ئۇستازى ئابدۇرېشتقا ھەدىيە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. مەھمۇد كىتاب تاللاۋاتقاندا ئۇنىڭ مەزمۇنىغىمۇ، يېزىقلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغىمۇ ئېتىبار بەردى[2].

مەھمۇد كىتابلارنىڭ پۇلىنى تۆلىگەچ دۇكانداردىن سىباۋەيھىنىڭ كىتابىنى سورىدى.

— يوق، ئۇكام. بىزدە بۇ كىتاب يوق، — دېدى ئەرەب باش چايقاپ.

[1] خەتنى كۇفىي — ھۆسنخەت شەكىللىرىنىڭ بىر تۈرى.
[2] ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەب يېزىقىنىڭ بىر نەچچە تۈرى مەۋجۇت بولغان.

— قايسى دۇكاندا بولۇشى مۇمكىن؟

— بالاساغۇندىن تاپماق مۇشكۈل. ھەتتا بۇخارا ۋە مەرۋدىمۇ بۇ كىتاب پەقەت چوڭ كۇتۇبخانىلاردا بولۇشى مۇمكىن، بازاردا قانداقكىن.

— شۇنداق مەشھۇر ئالىمنىڭ كىتابى بالاساغۇندىن تېپىلماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال، — دېدى مەھمۇس ئەپسۇسلىنىپ.

دۇكاندار سەمىمىي كۈلۈمسىرەپ ئىزاھ بەردى:

— سىباۋەيھىينىڭ كىتابى ئىنتايىن مۇكەممەللىكى بىلەن بىللە قىيىندۇر. ھەممىلا كىشى ئۇ كىتابنىڭ مېغىزىنى چاقالمايدۇ. بۇ كىتابقا بىر نەچچە شەرھلەر بېرىلگەن. ئەڭ ياخشى شەرھ ئەس - سىرافىينىڭكىدۇر. ئەگەر بۇ كىتاب سىزگە بەكلا زۆرۈر بولسا، ئۇنى تېپىشنىڭ ئامالى بار. بالاساغۇنغا ھەر يىلى ئەرەب سودىگەرلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار. بۇيرۇتما بەرسىڭىز ئەكېلىپ بەرگۈسىدۇر. لېكىن، بۇنى ئۇزۇن مۇددەت، ھەتتا يىللاپ كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىتابمۇ قىممەتكە چۈشىدۇ.

— قەشقەر شەھرىدىن بۇيرۇتما بەرسەممۇ بولار؟

— قەشقەرلىكمۇسىز؟ ئۇنداقتا ئۆز شەھرىڭىزدىن بۇيرۇتما بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەرەب سودىگەرلىرى ئۇ شەھەرنىمۇ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىدۇ.

مەھمۇد باشقا دۇكانلارنى ئايلىنىپ چىقتى. پارچە كىتابلار سېتىلىۋاتقان دۇكاندىن مەشھۇر پارس شائىرلىرىنىڭ دىۋانلىرىنى سېتىۋالدى. ئۇ كىتابلارنى قولتۇقلىغىنىچە كەلگەن يېرىگە قايتتى. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغان، كارۋان سارىيى ئەھلى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان ئىدى. ھەممە مۇسۇلمانلار ھويلىغا جەينامازلىرىنى سېلىۋېلىشقان، چىن، ھىندى ۋە تىبەتلىك سودىگەرلەر ئۇلارغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشكەنىدى. مەھمۇد دەرھال كىتابلىرىنى ھۇجرىسىغا ئەپكىرىپ قويدى ـ دە، مۇھتەسىبنىڭ① نەزىرى چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئالدىراش ـ تىنەش نامازخانلار قاتارىغا قوشۇلدى.

## 7

ئەتىسى مەھمۇد كارۋان سارايغا يېقىن يەردىكى ھاممامدا يۇيۇنۇپ، ئۇچىسىغا پاكىز كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن خان سارىيى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئىككى تەرىپىدە مەسچىت ـ مەدرىسلەر ۋە باشقا ھەشەمەتلىك بىنالار قەد كۆتۈرگەن كەڭ كوچىدا يېرىم سائەتچە مېڭىپ، سارايغا يېتىپ كەلدى. ساراي ئېگىز تام بىلەن ئورالغان بولۇپ، كۈندۈزى كەڭ ئېچىپ قويۇلىدىغان دەرۋازىلار ئالدىدا قوراللانغان كۆزەتچىلەر تۇرۇشاتتى.

① مۇھتەسىب ــ دىن ۋە جامائەت تەرتىپىنى ساقلىغۇچى نازىر.

ئەمەلدارلار دەرۋازىدىن بىمالال كىرىپ ـ چىقىشاتتى. قازىخانىغا كەلگەنلەر بولسا سەل نېرىراقتىكى مەجنۇنتال سايىسىغا يىغىلىشقانىدى. ئۇلار دېھقانمۇ، ھۈنەرۋەنمۇ؟ بۇنى ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىدىن دەرھال بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

مەھمۇد بەستلىك كۆزەتچىلار نەيزە كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرۋازا ئالدىغا توغرىدىن ـ توغرا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، كۇتكۇچىلەر توپىغا بېرىپ قوشۇلدى. ئەمما، بۇ ئازادە، ياخشى كىيىنگەن يىگىت كېلىشى بىلەن كىشىلەر ياتسىراپ پىچىرلاشلىرى باشلاندى.

قازىخانىغا ھەرخىل تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر ئەرز ـ ھال ئېيتىپ كېلىشەتتى. دۆلەتمەنرەك ئادەملەر دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا كۆزەتچىلارغا ياكى دەرۋازىۋەنلەرگە نېمىنىدۇر سۇنۇشۇپ كىرىپ كېتىشەتتى. باشقىلار بولسا قازىنىڭ مەرھەمەت قىلىپ چاقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

مەھمۇد بىر نەچچە سائەت كۈتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. دەرۋازىغا بەش ـ ئالتە قەدەم قالغاندا توختىدى. كۆزەتچىلار باشلىقى ــ يۈزى تاتۇق ئونبېشى ئۇنى كۆردى ـ دە، بىر نېمە ئۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنى ئىشارەت قىلىپ يېنىغا چاقىردى.

مەھمۇد تەپ تارتىپراق ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

ــ قازىخانىغا كىرمەكچىمىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى ئونبېشى غۇدۇراپ.

— ياق، مەن ئۇلۇغ هاجىپ هۇزۇرىغا كىرمەكچىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردىن كەلدىم.

— ئۇلۇغ هاجىپ خان هەزرەتلىرىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەيىانى. سەن شۇنداق كىشىنىڭ هۇزۇرىغا كىرمەكچى بولساڭ بىزگە نېمە ئالغاچ كەلدىڭ؟

مەهمۇد هەمياننى ئېچىپ، ئۈچ - تۆت كۈمۈش ۋە بىر تال ئالتۇن تەڭگە ئېلىپ ئونبېشىغا ئۇزاتتى. ئونبېشى مەنسىتمىگەندەك تەڭگىلەرنى قوپال ئالىقىنىدا دەڭسەپ بېقىپ، يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ۋە نارازى ئاهاڭدا يەنە غۇدۇڭشىدى:

— بەزىلەر پەقەت قازىنىڭ ئالدىغا كىرىش ئۈچۈنلا بۇنىڭدىن كۆپرەك بېرىدۇ. سەن يەتتە ئىقلىمدا داڭق چىقارغان ۋەزىرى ئەزەم يۇسۇف خاس هاجىپ هۇزۇرىغا كىرمەكچى تۇرۇپ، مۇشۇنداق خەسىسلىك قىلىۋاتامسەن.

مەهمۇد ئىلاجىسىز هالدا يەنە بىر ئالتۇن تەڭگە بىلەن ئىككى كۈمۈش تەڭگىنى ئونبېشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ساراي دەرۋازىسىدىن كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

پۈتكۈل ساراي هويلىسى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياهلارغا پۈركەنگەن ئىدى. هەر تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن گۈلزاردىكى تىنىق، زۇمرەت سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. باغ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان سۇدا گاه قىزىل، گاه ئاق ئالمىلار لەيلەپ يۈرەتتى.

ساراي ئۆزىنىڭ هەيۋەتلىكلىكى بىلەن مەهمۇدنى هەيران

قالدۇردى. قەشقەر ھاكىمىنىڭ قورغانى بۇ ئۇلۇغۋار بىنا ئالدىدا ناھايىتى كۆرۈمسىز تۇيۇلدى. مەھمۇد ئىككى تەرىپىگە سەرۋى، ئارچا كۆچەتلىرى تىكىلگەن مەرمەر يولدىن سالامخانا تەرەپكە ماڭدى. بۇ يەردە مەرمەردىن ياسالغان راۋاق ئاستىدا بىر نەچچە ئەئيانلار ۋە ئاتلىق ئادەملەر خاس ھاجىپ ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشاتتى ...

بىر چاغدا مەھمۇدقا نۆۋەت كەلدى. ياساۋۇل ئۇنىڭدىن كىملىكىنى ۋە بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ كۆزدىن يوقالدى. ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مەھمۇدنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ياساۋۇل قايتىپ چىقتى ۋە ھاجىپ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. مەھمۇد ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار بىر قانچە چوڭ ۋە بوش خانىلاردىن ئۆتۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد تۆرىدىكى بىر ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۇرسىدا ئولتۇرغان، ئاددىي كىيىنگەن ھاجىپنى كۆردى. ئۇ ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى، قەددى - قامەتلىك، ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن، پېشانىسىنى قورۇقلار قاپلاشقا باشلىغان، لېكىن تېخى خېلىلا تېتىك مويسىپىت ئىدى. ئۇنىڭ دانالىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى يىگىتكە ئىنچىكىلىك بىلەن قادالغانىدى.

مەھمۇد تەزىم قىلىپ بوسۇغىدا تۇرىۋەردى.

— كىرىۋەر يىگىت، مانا ماۋۇ كۇرسىغا ئولتۇر، — دېدى هاجىپ.

مەھمۇد كېلىپ كۇرسىغا تارتىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆيدىكى جاهازلارغا بىر قۇر كۆز قىرىنى يۈگۈرتتى. تەكچىلەرگە چوڭ - چوڭ كىتابلار تىزىپ قويۇلغان، شىرە ئۈستىدە سىياهدان ۋە بىر قانچە پەي قەلەم، بىر ئورام شالدىراق سەمەرقەند قەغىزى بار بولۇپ، رەھىل ① ئۈستىدە قېلىن كىتاب ئوچۇق پېتى تۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈپ مەھمۇدنىڭ كۆڭلىگە ئىللىقلىق يۈگۈردى. هاياجىنى ئازراق بېسىلدى.

— قەشقەرلىك تالىپمەن دېگىن، — ئاستا گەپ باشلىدى هاجىپ، — يۇرتداش ئىكەنسەن، بىر - ئىككى يىل مەنمۇ شۇ شەھەردە ياشىغانمەن. مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقىنىڭغا كۆپ بولدىمۇ؟

مەھمۇد جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن هاجىپ ئۇنىڭدىن بىر قانچە قەشقەرلىك ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ سۈرۈشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇستازى ئابدۇرېشىتنىڭمۇ بارلىقى مەھمۇدقا مەدەت بەردى.

— ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ، تەقسىر! سىلىگە كۆپتىن - كۆپ سالام ئېيتتى.

هاجىپ مەدرىسىنىڭ ئەھۋالىنى، تەھسىلدە ئىلىم - پەننىڭ قايسى ساھەلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. بىر - ئىككى ساھەدە مەھمۇدنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن

① رەھىل — كىتابنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن ياسالغان مەخسۇس كىچىك جازا.

ھېس قىلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ھاجىپنىڭ ھەممە ساھەلەردە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى مەھمۇدنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى. «ساغلام ئەقىل كىشى ئىكەن. ھەقىقىي بىلىملىكلەر مانا شۇنداق بولىدىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى مەھمۇد.

ــ ئوقۇشلۇق[1] يىگىت كۆرۈنىسەن، ــ دېدى ھاجىپ، ــ بالاساغۇنغىمۇ ئەلۋەتتە تەھسىل ئالغىلى كەلگەندۇرسەن.

ــ تېخى ئۆز مەدرىسىمىزنى تۈگەتكىنىم يوق. تۈگەتكەندىن كېيىن ئەلۋەتتە كېلىمەن، ئۇستاز!

مەھمۇد گېپىمنىمۇ دېدىم، بىراق «ئۇستاز» دەپ مۇراجىئەت قىلغىنىم ھاجىپقا قاتتىق سېزىلمىگەندۇر، دەپ ئويلىنىپ قالدى. لېكىن، ھاجىپنىڭ چىھرىدىن ھېچقانداق بىر رەنجىش ئالامىتى سېزىلمىدى. خۇشامەتگۆي ئەئيانلارنىڭ ھەر كۈنى جاندىن ئۆتىدىغان تەخسىكەشلىكلىرى، تەمەگەرلىك بىلەن ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈشلىرىدىن كۆرە بۇ يىگىتنىڭ «ئۇستاز» دېيىشى ئۇنىڭغا ياققان ئىدى.

ــ خوش، ئۇنداقتا سېنى قانداق شامال بالاساغۇن تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەلدى، بەلكى بىرەر كۆڭۈل سۆزۈڭ باردۇر؟

ــ ئۇستاز، كەمىنەنىڭ كۆڭلىدە كىچىك بىر ھەۋەس تۇغۇلغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇستازىم ئابدۇرېشىتتىن مەسلىھەت سورىسام، ئۇ كىشى پەقەت ھەزرەتلىرىنىڭلا ماڭا ياردەم

---

[1] ئوقۇشلۇق ــ چىچەن، سەزگۈر.

بېرەلەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى.

— قانداق نىيەت ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭدە تۇغۇلغان، — قىزىقىپ سورىدى ھاجىپ، — بەلكى ئىلىم يولىدا بىرەر ئىش قىلماقلىقمۇ يا؟

— ھەق راست، ئۇستاز، كەمىنەلىرى تىل ئىلمىگە ئىنتايىن قىزىقىمەن. ئەرەب تىلىنىڭ سەرفىنەھۋى قائىدىلىرىگە ئائىت بىر قانچە كىتابلارنى مۇتالىئە قىلدىم. ئەمما، ئۆز تىلىمىزنىڭ سەرفىنەھۋىسى ھەققىدە بىرەر قوللانما تاپالمىدىم. بۇنىڭغا بەك ئېچىندىم ۋە شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىدىم. ئەمما، دەسلىپىدە ئىشنى نېمىدىن باشلاش كېرەك، قايسى يول مېنى مەقسەتكە يېتەكلەيدۇ، ئومۇمەن نىيەتلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمەنمۇ، يوقمۇ، بۇلار مەن ئۈچۈن قاراڭغۇدۇر.

ھاجىپ ئۇنىڭ كۆيۈنۈپ ئېيتقان سۆزلىرىنى تولۇق زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. ئىچىدە «بۇ ئوت يۈرەك يىگىت ئىلىم يولىغا زېرىكمەي قالماسلىق ئۈچۈنلا كىرگەندەك قىلمايدۇ، چىن قەلبىدىن ئىلىم يولىدا قايغۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى. ھەقىقىي ئىستېداتلىق ئىگىسىنىڭ يۈرىكىدە جۇش ئۇرغان ئارزۇلارنىڭ نېمىلەرگە قادىرلىقىنى يۈسۈف خاس ھاجىپ ياخشى بىلەتتى.

— چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىپسەن، ئوغلۇم، — دېدى خاس ھاجىپ، — بۇ ئىش چوڭ بولۇش بىللەن بىللە ناھايىتى مۇشەققەتلىك. لېكىن، ھەربىر تىلەكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتتىق كىرىشىش، بارلىق كۈچ - قۇۋۋەتنى سەرپ

قىلىش كېرەك. سەن ئىشنى باشلىغانسەن!

— ئېيتقۇدەك تېخى بىرەر نەرسە قىلغىنىم يوق. لېكىن، بەزىبىر تۈركىي قوشاق ۋە ماقال - تەمسىللەرنى توپلىدىم، — دېدى مەھمۇد ۋە ۋاراقلىرى يىرتىلىشقا باشلىغان دەپتەرنى ھاجىپقا ئۇزاتتى. ھاجىپ ئۇنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ، ئۇنىسىز ئوقۇشقا باشلىدى. ئەستايىدىل ۋە مېھىر بىلەن يېزىلغان سەتىرلەر ھاجىپنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئاھەنرەبادەك [1] ئۆزىگە تارتتى. ئۇ دەپتەرنى ئاستا ۋاراقلاپ، بەزى سەھىپىلىرىگە تەكرار كۆز يۈگۈرتۈپ ۋە ناھايىتى بېرىلىپ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغاندەك بىر ئەھۋالدا ئولتۇراتتى. دەپتەرنىڭ ھاجىپقا بۇنچىلىك تەسىر قىلىشىنى مەھمۇد زادىلا كۈتمىگەنىدى.

ھاجىپ ئاخىرقى بەتنى ياپتى. دەپتەرنى قىممەت باھا بۇيۇمدەك ئاۋايلاپ رەھل ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانائەتلىنىش ۋە مىننەتدارلىق ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن قۇتلۇق ئىشقا تۇتۇش قىپسەن ئوغلۇم! قانچىلىغان قوشاق، ماقال - تەمسىللەر نەپىس ئىبارىلەر بۇ دەپتەردىن ئورۇن ئاپتۇ. بۇنى ئوقۇپ گويا بىر گۈلشەن ئىچىدە سەيلە قىلغاندەك بولدۇم. كەمىنە ئۆزۈمنى تۈركىي تىلىنىڭ بىلىمدانى دەپ ھېسابلايتتىم. لېكىن، مەن بىلمەيدىغان قوشاقلار ۋە ماقال - تەمسىللەرمۇ خېلى بار ئىكەن.

— قۇللۇق، ئۇستاز! بۇ قوشاقلارنىڭ ئىجادكارى خەلق، مەن

[1] ئاھەنرەبا — ماگنىت.

بولسام بىر كاتىپمەن، بۇلار پەقەت خەلق ئىجادى دېگىنىدىن بىر تامچىدۇر، خالاس.

— بارىكاللا! ئۇلۇسقا خىزمەت قىلغان كىشى تەشەككۇرلەرگە سازاۋەردۇر.

ئۇلار يەنە تىل ئىلمى، پارس، ئەرەب ۋە تۈركىي شېئىرىيىتى ھەققىدە خېلىغىچە سۆھبەتلەشتى. ياساۋۇل بىر نەچچە قېتىم كىرىپ، ئەئيانلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ھاجىپ سۆھبەتنى بۆلۈشنى خالىمىدى.

— بىلەمسەن؟ سەن توپلىغان ئۇشبۇ نەرسىلەر يەنە باشقا بىر چوڭ ئىشقا ئەسقېتىشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ.

— بۇ قانداق ئىش، ئۇستاز؟

— لۇغەت.

— ئۇ قانداق تۈزۈلىدۇ؟

— مانا ھازىر كۆرسىتىمەن ساڭا ...

ھاجىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەكچىدىن قېلىن بىر كىتابنى ئالدى ۋە ئۇنى شىرەنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، بىرىنچى بېتىنى ئاچتى:

— بۇ ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبن ئەھمەدنىڭ لۇغىتى. مەشھۇر سىباۋەيھىنىڭ ئۇستازى بولغان ئۇ كىشى ئۇشبۇ كىتابقا مىڭلاپ سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى يوقالمايدىغان قىلىپ قويغان. باشقا بىر قانچە ئەرەب ئالىملىرىمۇ لۇغەت تۈزۈشكەن. بۇنداق لۇغەت پارسلاردا بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. لېكىن،

بىزدە يوق. سەن توپلىغان بۇ مەتنلەر بولسا ئۇبدان بىر لۇغەت تۈزۈشكە ئاساس بولۇشى مۇمكىن.

— ئەگەر سىز مەسلىھەت ۋە يوليورۇقلىرىڭىزنى ئايىمىسىڭىز مەن تەييارمەن. ئۇستاز!

— لېكىن، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماق ئاسان ئەمەستۇر. لۇغەت تۈزۈش ئۈچۈن بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى ئارىلاپ چىقىش زۆرۈر. ئېدىلدىن تارىمپ ① تا چىنغىچە، تۈركىي ئۇلۇسلار ياشايدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىش، ئايلاپ يۈرۈش لازىم. چۈنكى، ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدا پەرق بار. مەسىلەن، تۈركلەر «ئىنجۇ»، ئوغۇزلار «جىنجۇ» دېيىشىدۇ. چىگىللەر بىر نەرسىنى بۇنداق دېسە، ياغمىلار ئۇنى باشقىچە ئاتايدۇ ياكى ئارغۇلار بىلەن قارلۇقلارمۇ بىر خىل نەرسىنى ھەرخىل ئاتاشلىرى مۇمكىن ... دېمەك، ئوغلۇم، ئانا يۇرتنى ۋە خەلقنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن، ئۇنىڭغا خالىسەن، لىللا خىزمەت قىلىشنى دىلىغا پۈككەن كىشىلا بۇ جاپالىق ئىشقا بەل باغلىيالايدۇ.

— ئۇستاز، خەلقىمىزنىڭ خىزمىتىگە يارايدىغان بولسام، ھېچقانداق جاپادىن باش تارتمايمەن. «ئېرمەگۈگە ئىشىك ئارت بولۇر» ② دېگەنىكەن كونىلار.

— بەللى، ئوغلۇم! مەن سېنىڭدىكى شۇ ھەقىقىي پەرزەنتلىك مۇھەببەتنى سېزىپ شۇنداق دېگەنىدىم، لېكىن

① ۋولگا دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

② ھورۇنغا ئىشىك بوسۇغىسىمۇ تاغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

بۇنىڭغا ناھايىتى زور بىلىممۇ زۆرۈر.

ئۇلۇغ ئىشتۇر ئىزگۇ، يېتەلمەس كىشى،
تىكىپ جان ئۇنى ئەپلەپ ئالماس كىشى.
تۆگەل ئىزگۇلۇكنى يېتۇك ئەر قىلار،
قىلالماس بۇ ئىشنى بىلىمسىز كىشى.

سەن ياش، نەۋقىرانسەن. يەنە ئۇنلاپ ئۇستازلارنىڭ بىلىمىنى ئۆزۈڭگە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزدە تىل ئىلمىنىڭ بىلىمدانى بولغان يىرىك ئالىملار يوق دېيەرلىك. ئەرەبلەرگە ھەۋەس قىلسا ئەرزىيدۇ. باغداد ۋە بەسرەدە ئاجايىپ بۈيۈك تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار تۈزگەن كىتاب ۋە لۇغەتلەر بىزدە كەم ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن سەن ئەلۋەتتە باغدادقا بېرىشىڭ، ئۇ يەردىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى پۇختا ئۆگىنىشىڭ، ساۋاق ئېلىشىڭ زۆرۈر. بۇ بىرىنچى شەرت. بۇنىڭسىز ئاجايىپ ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايسەن. قۇت[1] بەلگىسى بىلىگدۇر. بىلىگ ئۆگرەن. تاغ - تاغ بىلىگ ئۆگرەن. لېكىن، بىلىگنى كەسىپ قىلىش ئۇچۇنمۇ مۇشەققەت چەكمەك زۆرۈر. ئۇ بىر ئىنجۇدۇر ۋە دېڭىز ئاستىدا ياتىدۇ. لېكىن، دېڭىز ئاستىدىن چىقىرىلمىسا ئىنجۇمۇ سايىنىڭ تېشىدەك پايدىسىزدۇر.

① قۇت — بەخت.

بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن ھاجىپ كۆلۈمسىرەپ دېدى:

— مەن باراي دېسەم قېرىپ قالدىم. سەن تېخى ياشسەن. يىراق يەرلەر سېنى قورقۇتالمايدۇ. توغرا، يات ئەللەردە ئىش ئاسانغا توختىمايدۇ. لېكىن، شۇنى ئەستە تۇتكى، ھەر قانداق جايدا ئىلىمگە ئىنتىلگەنلەرنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر تېپىلىدۇ.

ھاجىپنىڭ بۇ ياش، ئەمما بىلىمدان يىگىت بىلەن سۆھبەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش ئىشتىياقى بار ئىدى. بىراق، ئۇنى دۆلەت ئىشلىرى كۈتۈۋاتاتتى.

مەھمۇد تەزىم قىلىپ، ئۆيدىن چىقماقچى بولۇۋاتقاندا ھاجىپ دېدى:

— قەشقەرگە قايتقۇچە كېلىپ تۇرغىن. مەن دەرۋازىۋەنلەرگە تاپىلاپ قويىمەن. قاچانلا كەلسەڭ كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئەتە چاشگاھتا ئەلۋەتتە كەلگىن، مۇشائىرە بولماقچى. ماۋارەئۇننەھر خانىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بىر قانچە شائىر قەدەم تەشرىپ قىلماقچى. بالاساغۇنىنىڭ كۆپلىگەن شائىر ۋە ئالىملىرىمۇ بۇ مەجلىستە ھازىر بولىدۇ. بۇ ساڭا پايدا يەتكۈزۈپ قالار.

مەھمۇد ئەستايىدىل قۇللۇق ئىزھار قىلدى:

— كەمىنەگە بۇنچىلىك ئېتىبار بېرىپ، بىشىمنى ئاسمانغا يەتكۈزدىلە ئۇستاز. ئەلۋەتتە كېلىمەن!

مەھمۇد سالامخانىدىن چىقىۋاتقاندا راۋاق ئاستىدا تۇرغان

ئەئيان ۋە ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن «قىزىق، ئۇلۇغ ھاجىپ ئاشۇ موللىسىمان بىر يىگىت بىلەن سۆھبەتلىشىمەن دەپ، ئەتىۋارلىق ئادەملەرنى بەكمۇ ساقلىتىپ قويدا! ... » دېگەن مەنىنى ئۇقۇۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

## 8

مەھمۇد سارايغا كەلگەندە ئالىملار ۋە شائىرلار ئاللىقاچان يىغىلىپ بولغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەمشاد دەرىخىدىن ياسالغان، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۇرسىدا خۇشال ئولتۇراتتى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن توپ ئىچىدە شېئىرىيەتكە قىزىقىدىغان ئەمەلدارلار ۋە سەركەردىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار قورال - ياراغلىرىنى ئېسىپ كېلىشكەن، بۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇلار باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، توپلىنىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى شائىرلار ئىدى.

مەھمۇد ئىچكىرىگە كىرىپ پەگاھتىكى كۇرسىدا ئولتۇردى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، تۆردىكى ئېگىز كۇرسىدا ئولتۇرغان، بېشىغا كۆك سەللىنى ئىخچام قىلىپ ئورىغان ياش كاتىپنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ چىققان ئاۋازى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى باستى.

— ئەزىز ئۆلىمالار، ئەھلى شائىرلار! شېئىرىيەت

شامچىراغلىرى بولغان ھۆرمەتلىك مېھمانلار! ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، ئۇلۇغ ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئاجايىپ ئەسەر يازدى. كىتابلارنىڭ كىتابى بولمىش بۇ يازمىدا بارلىق بىلىملەر جەملەنگەن. ئالىملار، دانىشمەنلەر شۇنداق بىر قارارغا كەلدىلەركىم، مەشرىق ۋىلايىتىدە، تۈركىي ئەللىرىدە بۇغراخان تىلىدا ① بىرەر كىشى ھەرگىز بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتاب يېزىپ باقمىغان. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئېقلىمغا يەتسە، ئىنتايىن ياخشىلىقىدىن، ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى جەزبىدارلىقىدىن ئاشۇ ئەللەرنىڭ دانىشمەنلىرى، ئالىملىرى ۋە شائىرلىرى قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسىسى بىر خىلدىن نام - ئاتاق بېرىشتى. چىنلىقلار «ئادابۇل مۇلۇك» دەپ ئاتاشسا، مەشرىقلىقلەر «زىياتۇل ئۇمەرا» دەپ ئاتىدى. ئىرانلىقلار بولسا «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ نام بېرىشتى. ھازىر ئىجازەتلىرىڭىز بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ بەزى قىسىملىرىنى ئوقۇپ بېرەي، تاكى ماۋارەئۇننەھردىن قەدەم تەشرىپ قىلغان ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇپ قېلىشسۇن.

كاتىپ ئالدىدىكى چوڭ كىتابنىڭ خەتكۈچ سېلىپ بەلگىلەپ قويۇلغان يەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەھمۇد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپ، ھاجىپنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىچ -

---

① بۇغراخانغا تەۋە بولغان خەلقلەر سۆزلىشىدىغان تىل، يەنى تۈركىي تىلدا دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىچىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن مەدھىيە ئوقۇدى.

كاتىپ ئوقۇشنى تاماملىغاندا ئەتراپتىن ئالقىشلار ياغرىدى. بۇخارالىق شائىر ھەسەن ھەيران بولغانلىقىنى يوشۇرالماي خىتاب قىلدى:

— ئەي، ئۇلۇغ ھاجىپ! سىز ھەقىقەتەنمۇ ئالقىشلاشقا سازاۋەر بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپسىز! مۇشۇ ۋاقىتقىچە مۇسۇلمان ئالىمىدە ئەھلى ئەدەب① ئاساسەن ئىككى تىلدا، يەنى ئەرەبىي ۋە پارسىي تىللاردىن پايدىلىنىپ ئەسەر يازاتتى. تۈركىي تىلدا چوڭ ھەجىملىك يازما ئەسەر يارىتىش مۇمكىنلىكىگە ھەممە شۈبھە بىلەن قارايتتى. لېكىن، سىز ياراتقان ئەسەرنى ھېچبىر مۇبالىغىسىز ئەڭ ئىقتىدارلىق پارس ۋە ئەرەب شائىرلىرىنىڭ داستانلىرى بىلەن بىر قاتاردا قويۇش مۇمكىن. سىز ھەقلىق ھالدا تۈركىي نەزمىنىڭ يولباشچىسىسىز!

ھاجىپ ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىپ دېدى:

— دەرھەقىقەت، تۈركىي تىلدىكى يازمىلار كەم. لېكىن، مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇكى، مەشرىقتە چىندىن تارتىپ، مەغرىپتە بەھرى ھەزەرگە② قەدەر سوزۇلۇپ كەتكەن تۈركىي ئۇلۇسنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر پۈتىدىغان شائىر ۋە ئالىملىرى بولسۇن. مېنىڭ داستانىم بۇ جەھەتتىكى بىر ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئەلۋەتتە قۇسۇرلاردىن خالىي ئەمەستۇر. ئەمما، شەك - شۈبھىسىزكى،

① ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغۇچىلار.

② كاسپىي دېڭىز.

تۈركىي تىلىدا يازىدىغان يەنە كۆپلىگەن شائىرلار يېتىشىپ چىققۇسىدۇر. ئىنشائاللا، ئۇلار بۇ تىلنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكلىرىنى كەشىپ قىلغۇسىدۇر.

مۇشائىرە يەنە خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. باشقا تۈركىي ۋە پارس تىلىدا يازىدىغان شائىرلارمۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىشتى. قەسىدىلەردە بۇغراخان شەنىگە مەدھىيەلەر ياغدۇرۇلغانىدى. مۇشائىرە ئاياغلىشىش بىلەن غىجەك، تەمبۇر، داپ ۋە نەيلەرنى كۆتۈرۈۋالغان سازەندىلەر كىرىپ كېلىشتى. تۈركچە، پارسچە ناخشىلار ياڭرىدى. ئارىلىقتا ياساۋۇل كېلىپ، يۈسۈف خاس هاجىپنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى مەھمۇدقا مەلۇم قىلدى. يىگىت دەرهال ياساۋۇلنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇلۇغ هاجىپنىڭ خانىسىغا كىردى. بوسۇغا ئاتلاپلا تەزىم قىلدى ۋە هاجىپنىڭ ئىشارىتى بىلەن كۆرسىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— شېئىرخانلىقمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى، — دېدى هاجىپ، — هېلىقى كۈنى چالا قالغان سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، بولامدۇ؟

— جان - دىل بىلەن ئۇستاز، — دېدى مەھمۇد.

هاجىپ شىرە ئۈستىدە تۇرغان ئىككى چىنە شەربەتتىن بىرىنى ئېلىپ مەھمۇدقا ئۇزاتتى:

— ئال، تەشنالىقىڭنى قاندۇر.

— تەشەككۈر، ئۇستاز.

مەھمۇد چىنىنى قولىغا ئېلىپ، مۇزدەك شەربەتتىن بىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى يۇتۇم يۇتتى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبى ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن تولغان ئىدى. تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ ئۇل تېشىنى قويغان يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئىنسان ئۇنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى ئاخىر!

— ئۇستاز، — دېدى مەھمۇد ھاياجانلىنىپ، — سىزنىڭ كىتابىڭىز تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ قامۇسىدۇر. پۈتكۈل تۈرك خەلقلىرىدە سىزگە تەڭ كېلىدىغان قەلەم ئىگىسى يوقتۇر. مەن بۇ بىباھا ئەسەردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. مانا شۇنداق خەزىنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قانداق ئېرىشتىڭىز؟

ھاجىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ماڭا بۇ ئىش ئەلۋەتتە ئاسانغا توختىمىدى. «ئېردەم باشى تىل» ① دېگەنىكەن. نەزىرىمدە تۈركىي تىل بىر ئۇركۇگەن كىيىكتەك بىلىنەتتى. لېكىن، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە رام قىلىش ئۈچۈن مۇشەققەتلەردىن قورقمىدىم. دانالارنىڭ: «ئېرمەگۈگە بۇلۇت يوك بولۇر» ② دېگەن گېپى بار، مەن بولسام كۆپ ئەجىر قىلدىم. ئەمگەك يەردە قالماس دېگەندەك، ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى. ناھايىتى گۈزەل، لېكىن ياۋايى ۋە ئۇركۇگەن ئۇ كىيىكنى قولغا ئۆگەتتىم. تېخى كەلگۈسىدە تۈركىي تىلدا يازىدىغان شۇنداق شائىرلار پەيدا بولىدۇكى، كەمىنەنىڭ داستانى ئۇلار ياراتقان ئەسەرلەر ئالدىدا خىرەلىشىپ قالغۇسىدۇر.

① ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ بېشى تىلدۇر.

② ھورۇنغا بۇلۇت سايىسىمۇ يوك بولىدۇ.

— ئەي ئۇستاز! سىز ياراتقان يازما ئەسەر ئەڭ يارقىن يۇلتۇزلاردەك تۈركىي شېئىرىيەتتى ئاسمىنىدا ئەبەدىلئەبەد چاقناپ تۇرغۇسىدۇر! بۇنداق ئاجايىپ ئېسىل داستان ھەرقانداق قەلەمدىن بەرپا بولىۋەرمەيدۇ!

— داستانىمنى يارىتىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالاي قوشاق ۋە رىۋايەتلىرىنى، بار بولغانلىكى قولىيازمىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقتىم. لېكىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر يۈزىسىدىن بىرقانچە ئۆلكىلەرگە بارالمىدىم. شۇ قەبىلىلەرنىڭ تىل بايلىقىنى ئۆگەنگەن بولسام، شۈبھىسىز ئەسىرىم ھازىرقىدىن گۈزەلرەك، مەزمۇنلۇقراق يېزىلغان بولاتتى. لېكىن، مەن بۇ كەمتۈكلۈكلەرنىڭ ئورنىنى سىنى تولدۇرىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىۋاتىمەن. ئىنشائاللا، تۈركىي ئەللەر سىنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ خەلىل ئىبن ئەھمەدىنى، سىباۋەيھىسىنى تاپار دەپ ئويلايمەن.

— تىلىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋىتىمنى ئايىمايمەن، ئۇستاز. ئەلۋەتتە سىز ئېيتقان بۈيۈك ئالىملار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەسلىكىم روشەندۇر. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ ئىلىم يولىدا قولۇمدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشنى قىلىمەن.

— بىزنىڭ يۇرتلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر ئالىملار ئاز ئەمەس. مۇھەممەد ئىبن مۇسا خارەزمىيدەك

ئۆتكۈر زېھنىلىك ۋە بۈيۈك ئالىم خەلىپە ئەل ـ مۇئتەسىم دەۋرىدە باغداد ئالىملىرىنىڭ بېشى بولغان ئىدى. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان يەنە ئونلاپ ئالىملار بار. لېكىن، سەن زىممەڭگە ئېلىۋاتقان ۋەزىپىلەر ئۇلارنىڭكىدىن باشقىچىرەكتۇر. تەقدىرىڭمۇ باشقىچە بولىدۇ. شۇنى ئېسىڭدە تۇت، سەن باغدادقا ۋاقىتلىق، پەقەت ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن بارغىن. ئاندىن كېيىن يەنە ئەلۋەتتە تۈرك ئۇلۇسلىرىغا قايتىپ كەل. سەن بىۋاسىتە ئۆز تەتقىقاتلىرىڭنى ئېلىپ بارىدىغان ۋە كىتابلىرىڭنى يازىدىغان جاي تۈركىستاندۇر. ئەرەبلەرنىڭ يۈكسەك تىل ئىلمىنى ئۆگىنىش ساڭا چوڭ ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، بۇ تېخى ئالدىڭدا تۇرغان ھەممە مۇشكۇللۇكنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەرەب تىلى قائىدىلىرىنى تۈركىي تىلغا زورلاپ تېڭىشقا بولمايدۇ. سەن ئۆتكۈر زېھىن كۆزى بىلەن تۈركىي تىلنىڭ ئۆز سەرفنەھۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرۈشنى بىلىشىڭ ۋە تىل ئىلمى ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېڭىلىق بولغان نەرسىلەرنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشۈڭ كېرەك. لېكىن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

يۈسۈف خاس ھاجىپ تۈركىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تۈرلۈك قەبىلىلەر تىلىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىرى ۋە ئومۇملۇق تەرەپلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى. مەھمۇد ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جان ـ دىل بىلەن ئاڭلىدى. سۆھبەتنىڭ ماۋزۇسى

ئەرەب پەيلاسوپلىرى، تىلشۇناس ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە[1] كۆچكەندە، مەھمۇد ئۇلارنى تېخى ئوقۇپ كۆرمىگەچكە، بىر خىل خىجىل بولۇپ قالدى. لېكىن، قاچان بولمىسۇن، ئۇ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. سۆھبەت ئاخىرىدا ئۇ خانىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ بېقىشقا رۇخسەت سورىدى. يۇسۇف خاس ھاجىپ بەش ئاندىل رازىلىق بەردى.

— سەن بالاساغۇندا تۇرغان چاغلىرىڭدا بۇ خانىدىكى ۋە ساراي كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلاردىن بىمالال پايدىلىنىشىڭغا، زۆرۈر يەرلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىشىڭغا بولىدۇ. مەن ساڭا خەلىل ئىبن ئەھمەدنىڭ لۇغىتىنى سوۋغات قىلىمەن. پەقەت شۇ شەرت بىلەنكى، كەلگۈسىدە تۈركىي تىلىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان لۇغىتىنى يارىتىسەن، — دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلدى.

— ئېيىقىنىڭىزدەك بولسۇن، ئۇستاز! — دېدى مەھمۇد.

## 9

ئۇ يۇسۇف خاس ھاجىپ سوۋغات قىلغان كىتابنى قولتۇقلاپ، ساراي دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتى. بۇگۈنكى كۈن ئەسىراتلىرى كۆڭلىدە تولۇپ - تېشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كارۋان سارايغا بارغۇسى كەلمىدى. مەھمۇد كوچا ۋە رەستىلەرنى

[1] ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشقان.

ئىلىنىپ، شەھەرنى تاماشا قىلدى. بازارغا كەلگەندە تېخى كىتابتىن باشقا نەرسە سېتىۋالمىغانلىقىنى، ئىئىلىسىدىكىلەرگە سوۋغا - سالام ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى ئەسلىدى.

مەھمۇد ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم بىرەر نەرسە سېتىۋېلىش مەقسىتىدە زەرگەرلەر رەستىسىگە باردى. دۇكانلاردا ئاياللارنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى — ئۈزۈك، بىلەيزۈك، ھالقا، مۇنچاق، مارجان ۋە باشقا خىل ئېسىۋالىدىغان، تاقىۋالىدىغان نەرسىلەر بار ئىدى. بۇلارنى سېتىۋېلىشقا ھەممىلا ئادەمنىڭ قۇربى يېتىۋەرمەيتتى.

«ئايكۈمۈشكە بۇ بېزەكلەردىن قايسىسى ياراركىن؟» دەپ ئويلىدى مەھمۇد. نېمە سەۋەبتىن بىرىنچى نۆۋەتتە بۇ قىز ئۈچۈن سوۋغا - سالام ئېلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئانچىلا چۈشەنمەيتتى. خوش، ئالدىمۇ دەيلۇق، لېكىن ئۇنى قايسى يوسۇندا قىزغا بېرىدۇ؟ ئايكۈمۈش «بۇ يىگىت ئۆزىنى كۆيئوغۇللۇققا چاغلاۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالارمىكىن؟

«نېمە بولسىمۇ بىرەر نەرسە ئالمىسام بولمايدۇ» ئويلاندى مەھمۇد. شۇنداق ئۆزۈن سەپەردىن كېيىن سۆيۈملۈك قىزنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولامدۇ؟

مەھمۇد زەرگەرلىك دەستىسىدىن بىر جۈپ نەپىس ئىشلەنگەن بىلەزۈك، ئاندىن مىلىچ ماللار دۇكىنىدىن بىر ئاز مۇشك ۋە ئەتىر، ھىندى سودىگىرىدىن بىر كىيىملىك يىپەكە ئوخشاپ

كېتىدىغان يۇپقا ۋە يۇمشاق، يېشىل گۈللۈك رەخت سېتىۋالدى.
«بۇ نەرسىلەرنى ئۆيگە بارغان هامان بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇشقاققا يوشۇرۇشۇم كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بىراق دادام ياكى ئاپام كۆرۈپ قالمىسۇن. بولمىسا قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ هالىمغا قويۇشمايدۇ.»
ئۇ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈنمۇ بەزى سوۋغاتلارنى سېتىۋېلىپ، كارۋان سارايغا قايتتى. ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى هۇجرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. لېكىن، يېگۈدەك هېچ نەرسە ئېلىپ كەلمىگەنىدى. مەهمۇد كارۋان سارايغا يېقىن بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، پانۇسلار يورۇتۇپ قويۇلغان ئىدى. بۇ يەردە ئاساسەن سودىگەرلەر هەم مۇساپىرلار تاماق يېيىشەتتى. مەهمۇد ئۆزى بىلەن بىر كارۋاندا كەلگەن ئىككى هەمشەهەرلىكىنى ئۇچرىتىپ، خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار سودىلىرىنىڭ يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. مەهمۇدقا: «سەنمۇ بىر ـ ئىككى تۆگىگە تاۋار ① ئارتىپ كەلگەن بولساڭ، نۇرغۇن پايدا تاپاتتىڭ» دەپ تەنبىھ بېرىشتى. يىگىت بۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈپ قويدى. كېتىدىغان چاغدا ئۇلاردىن ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشلىرىنى سورىدى. چۈنكى، يەنە سېتىۋېلىشنى كۆزلەپ قويغان كىتابلىرى كۆپ ئىدى. هەمشەهەرلىكلىرى ئانچە تارتىنىشىپ ئولتۇرمايلا

① تاۋار — مال (بۇ ئەسلي توركي سۆز).

ئۇنىڭغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشتى. مەھمۇد ئۇلارنىڭ سودىلىرىغا بەرىكەت تىلەپ خوشلىشىپ كارۋان سارايغا قايتتى.

ئۇ قاپقاراڭغۇ ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، تەمتىلەپ بولۇڭدىن جىنچىراغنى تېپىپ ياقتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىرە يورۇقىدا كىتاب ئوقۇماق خېلىلا تەس ئىدى. يىگىت خۇرجۇنىدىن ئىككى تال شام ئېلىپ ياندۇردى. ئەمدى بىمالال كىتاب ئوقۇشقا بولاتتى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ھاجىپ سوۋغات قىلغان لۇغەتنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. شۇنداق ئېسىل كىتابنى سوۋغات قىلغان ھاجىپقا يىگىتنىڭ مىننەتدارلىقى چەكسىز ئىدى. مەھمۇد بۇ كىتابنىڭ نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىر ـ ئىككى بەت ئوقۇپلا چۈشەندى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەربىر سۆزگە مەنىسى يېقىن باشقا سۆزلەر ياردىمىدە ئىزاھلار بېرىلگەن ئىدى. «ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتە تەڭدىشى يوق مەنبەكەنغۇ بۇ كىتاب، — دەپ ئويلىدى مەھمۇد، — پەقەت مۇتالىئە بىلەن چەكلىنىپ قالماي يادلىۋېلىش زۆرۈر».

## 10

مەھمۇد بالاساغۇندىن قايتىپ كېلىپ، ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئۇزاق ئولتۇرمايلا كوچىغا چىقتى. قوينىدا تۇگۇنچەك، قولىدا «قۇتادغۇبىلىك». ئۇ كاسىپلار مەھەللىسىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. باھاردىن بېرى بۇ يەر مەھمۇد ئۈچۈن ئەزىز، ئەڭ گۈزەل

جاي بولۇپ سىزىلەتتى. ئەسلىدە بولسا مەھەللىدىكى تار ۋە ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار تىزغا كەلگۈدەك توپا ـ چاڭ ئىدى. ئۆيلەر بولسا گويا زەنجىر ھالقىلىرىدەك بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئايكۇمۇشمۇ، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئەمدىلىكتە ساي بويىغا بارماس بولۇپ قالغان، سۇنى مەھەللە مەسچىتىنىڭ كۆلىدىن ئېلىشقا باشلىغانىدى. مەسچىت يېنىدا ياكى كوچىدا بويىغا يەتكەن قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىشى ئەلۋەتتە مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. مەھمۇد كىچىككىنە كۆك ئىشىكلىك ھويلىنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇ ئايكۇمۇشنى بىر قانچە قېتىم يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرگەندە ئۇنىڭ شۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدى.

«ئايكۇمۇش بىرەر ئىش بىلەن چىقىپ قالسىدى، ــ دەپ ئويلىدى مەھمۇد، ــ يىراقتىن بىر كۆرسەممۇ مەيلىدى ...»

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆيىگە قايتتى. مەھمۇدنىڭ قاياققا كەتكىنىنى بىلمەي قالغان ئاتا ـ ئانىسى تەشۋىشكە چۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

ــ نەلەردە يۈرىسەن؟ ــ دېدى ئاتىسى، ــ مەن بۈگۈن سېنىڭ سەپەردىن ساق ـ سالامەت كەلگەنلىكىڭ شەرىپىگە ساراي ئەھلىلىرىنى، بىر قانچە ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى زىياپەتكە چاقىرىپ قويغان ئىدىم ئەمەسمۇ؟

مەھمۇد «مېنى دەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈشنىڭ نېمە لازىمى بار؟»

دېمەكچى بولدىيۇ، دادىسىنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— زىياپەتكە ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار كېلىدۇ، — دېدى ھۇسەيىنبەگ، — سۆھبەت ۋاقتىدا بارلىق ئىلىم - بىلىمىڭنى، ناتىقلىقىڭنى كۆرسەت. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىل...

بەگلەر، ئەمەلدارلار، مەھمۇدنىڭ دوستلىرى، مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرى ئارقا - ئارقىدىن ھويلىغا كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. مەھمۇد مېھمانلارنى كۈتكەچ ئۇلارنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك ئەتراپىغا سېلىنغان گىلەملەر تەرەپكە باشلايتتى. ئايكۇمۇشنى ئۇچرىتالمىغانلىقىدىن كۆڭلى بىر ئاز غەش بولسىمۇ، مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە خۇشال قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

مېھمانلار داستىخاندىكى نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تائاملارغا ئېغىز تېگىشىپ بولغاندىن كېيىن مەھمۇدتىن سەپەر تەسىراتلىرى توغرىسىدا سوئاللار سوراشقا باشلىدى. مەھمۇد ئىلاجىسىز ھېكايە قىلدى. ھەممە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى... زىياپەتكە كېلىشكەن بەگ ۋە ئەمەلدارلار بۇغراخان سارىيى، ئۇ يەردىكى ھەشەمەتلىك ھايات، مۇدەررىسلەرنى بولسا مەھمۇدنىڭ يۇسۇف خاس ھاجىپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى كۆپرەك قىزىقتۇردى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا مېھمانلار بىر - ئىككىلەپ قايتىشقا

باشلىدى. مەھمۇد خېلىدىن كېيىن ھۆجرىسىغا كىردى. ئۇ ئۇيقۇسى كەلمەي، شام يورۇقىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوقۇشقا كىرىشتى. مەنىگە باي سەتىرلەر - قۇرلار تېزلا ئۇنىڭ قەلبىنى جەلپ قىلدى. ئاددىي، ئاھاڭدار، جۇشقۇن مىسرالارغا چوڭقۇر مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن ئىدى. داستاننىڭ ھەربىر بابى گويا بىر مەرۋايىت تىزىقى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېچنېمە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايتتى. بۇ ئەسەردە ئىنسانغا خاس جىمىكى ئېزگۇ خىسلەتلەر ئۇلۇغلانغان، ۋاپا، سۆيگۈ، ساداقەت، ئىنسانپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەنىدى.

مەھمۇد بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كىتابنى تەكچىگە ئېلىپ قويۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەت قىلىپ ئېيتقانلىرىنى ئەسلىدى: «يېزىق ئۆتمۈشتىكى پىكىرداشلار بىلىگىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدۇ ۋە مەڭگۈلەشتۈرىدۇ. كىتاب بولسا دانالارنىڭ ھېكمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەزىنىدۇر. يېزىقنىڭ ۋە كىتابنىڭ كۈچى شۇنچىلىك قۇدرەتلىككى، ئۇلار ۋاقىت ۋە ئارىلىق ئۈستىدىن غالىبتۇر».

دەرھەقىقەت، زېھىن قويۇپ ئوقۇش تەڭداشسىز خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى مەشغۇلات. كىتابلار ئارقىلىق بۇنىڭدىن كۆپ يىللار بۇرۇن ۋە مىڭلاپ چاقىرىم يىراقتا ياشاپ ئۆتكەن ئەھلى دانىش بىلەن سۆھبەتتە بىللە بولۇش مۇمكىن. يىراق بەسرە شەھىرىدە ياشىغان خەلىل ئىبن ئەھمەد ئۆز لۇغىتىنى تۈزۈۋاتقىنىدا يۈز يىللاردىن كېيىن مەھمۇد دېگەن بىر تالىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالىنىڭ بۇ كىتابنى زور ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت بىلەن زېھىن قويۇپ ئوقۇشىنى، ئۇنىڭ روھى ئالدىدا تەزىم قىلىشىنى ئۇ بىلەتتىمىكىن؟

ئوقۇغان كىتابلىرى كۆپەيگەنسېرى مەھمۇد دۇنيانى، ھاياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق چۈشىنىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەڭ قىزىق، ياخشى كىتابلارنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۇلار ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماي، مەھمۇدنىڭ يېقىن ۋە ئەزىز كىشىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

بىراق، ئۇ ئوقۇمىغان كىتابلار تېخى كۆپ. بۇنى يۇسۇف خاس ھاجىپتىن ئاڭلاپ، ئايرىم مەنبەلەردە ئۇچرىتىپ، ئوقۇش لازىملىقىنى بىلدى. سىباۋەيھى، فارابى، ئىبن سىنا، ئەبۇ تەمما، بېرونى، ئەل ـ خارەزمى ... بۇ ناملارنىڭ ئۆزىلا مەھمۇدنىڭ قەلبىدە يېقىملىق بىر سېزىمنى ئويغىتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى پۈتۈن بىر ئالەم! قاچان بولمىسۇن، بۇ ئالەملەر بىلەن ئاشنا ـ دوست بولۇش لازىم ئىدى.

## 11

مەھمۇد ئەتىگەندە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ناشتا قىلدى. ئوغلىنىڭ دىدارىغا ھېچ تويالمىغان ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۆزى قازاندىن شىرچاي[1] قۇيۇپ ئەكىردى ۋە ئىسسىق ناندىن توغراپ بەردى. ھۇسەيىنبەگمۇ ئوغلىغا

---

[1] چاي، تۇز، سېرىق ماي، قارىمۇچ سېلىپ قاينىتىلغان سۈتلۈك چاي.

پەخىرلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئوغلى پايتەختتە بۇغراخان سارىيىدا بولدى. پۈتۈن قەشقەردە بۇ توغرىدا پۇر كەتتى. بولۇپمۇ ئەئيانلاردىن بىرى: «بۇنداق يىگىت ھاكىم سارىيىدا خىزمەت قىلىشقا مۇناسىپتۇر» دېگەندە ھۇسەيىنبەگنىڭ كۆڭلى تاغدەك كۆتۈرۈلدى.

مەھمۇدنىڭمۇ كەيپى چاغ ئىدى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئاخشامقى مۇتالىئە بولسا، يەنە بىر سەۋەبى «بۈگۈن ئايكۈمۈشنى كۆرەرمەن» دېگەن پىكىر - خىيال ئۇنىڭ قەلبىنى يېقىملىق تۇيغۇغا سالاتتى.

ھۇسەيىنبەگ ئەرەبىي[1] ئاتقا مىنىپ ھاكىم ئوردىسىغا قاراپ يول ئالدى. مەھمۇدمۇ ھايال بولمايلا كاسىپلار مەھەللىسىگە ماڭدى. ئۇ تونۇش ئۆي يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ھەر دائىم يېپىق تۇرىدىغان كۆك ئىشىك بۈگۈن كەڭ ئېچىپ قويۇلغانىدى. ھويلىدىكى شاۋقۇننى ئاڭلاپ ھەيران بولغان مەھمۇد ئىشىككە يېقىنراق بېرىپ قۇلاق سالدى. كىمدۇر بىرى يوغان ئاۋازدا ۋارقىرايتتى، ئايال كىشىنىڭ يىغلامسىراپ يېلىنىپ - يالۋۇرغانلىرى ئاڭلىناتتى. دەسلىپىدە ئىخچامغىنا، لېكىن ئازادە - سەرەمجان ھويلا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شاخلىرى يېيىلىپ كەتكەن بىر تۈپ ئۇجمە دەرىخى بار ئىدى. مەھمۇد ھويلىغا كىرگەن پېتى توختاپ قالدى. ھويلىدا بېشىغا قالپاق كىيگەن، كەمىرىگە ئۇزۇن قىلىچ ئاسقان قاپقارا ئادەم تۇراتتى، ئەپتىدىن

① ئەرەبىي ئات — ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشى نەسىللىرىدىن بىرى.

ئۇ مەھەللە مىرشەپلىرىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېنىدا شاپ بۇرۇتلۇق مىرشەپ ۋە شايى تون كىيگەن سودىگەر سىياقىدىكى جۇغى كىچىك كىشى بولۇپ، بۇ ئۇچەيلەن بىرلىشىپ ئايكۇمۇشنىڭ دادىسىغا ھەدەپ دوق قىلاتتى. بولۇپمۇ كوسا سودىگەر ھەممىدىن بەكرەك چىرقىرايتتى:

— تۆلەشكە چامىڭ يەتمىگەندىكىن نېمە دەپ قەرز ئالدىڭ؟ بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتىغۇ!

— خۇدا مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزسۇن. ماڭا يەنە ئۇچ ئاي ۋاقىت بېرىڭ. مەن قەرزىمنى تۆلەيمەن، — دېدى قېرى كاسىپ يېلىنىپ.

— ئۇچ ئاي؟ ئەمدى ساڭا ئىشىنىدىغان ئەخمەق يوق. جانابىي مىرشەپبېشى، ئۇ يا قەرزنى تۆلىسۇن، يا بولمىسا زىندانغا تاشلاڭ بۇ بەتبەختنى، مەن ئادالەتنى خالايمەن!

يۈزلىرى سېرىق مىرشەپبېشى:

— ئەگەر قەرزنى تۆلىمىسەڭ، ھازىرلا پۇت - قولۇڭغا كىشەن سېلىپ، زىندانغا يوللايمەن، — دېدى دوق قىلىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئايالنىڭ پەريادى كۆككە يەتتى. ئۇ مىرشەپبېشىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ بالىنىڭ دادىسىنى ئالىلىسىدىن جۇدا قىلماسلىقنى ئۆتۈنۈپ قاتتىق يالۋۇردى.

— زىندانىنى خالىمىساڭ، قەرزنى تۆلە ئەمىسە، — دېدى مىرشەپبېشى.

— ئەي جاناب، ھازىر ھېچ نەرسىمىز يوق، يەنە ئازراق

موّهلەت بېرىڭ.
— قوّروّق قوشوّق ئېغىز يىرتار، قوّروّق گەپ قوّلاقنى ئاغرىتار، — دەپ زەھەرخەندىلىك قىلدى مىرشەپبېشى.
— نېمە دەپ ھېچ نەرسەڭ يوق بولىدوّ؟ — دەپ ئەزۋەيلەپ كەتتى سودىگەر، — قىزىڭ بارغوّ؟ ئوّ نەرسە بولماي نېمە؟ قىزىڭنى ئوّي ئىشلىرىمنى قىلىپ بېرىشكە بەر. قەرزىدىن كېچىمەن. يەنە ئوّنىڭ ئاش - نېنى مېنىڭدىن بولىدوّ، — ئوّ كالامپاي قاپقارا ئادەمگە يوّزلەندى، — جاناب مىرشەپبېشى، بوّلارغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدوّ، مەيلى، بىر ساۋاب ئىش قىلاي، ئوّنى زىندانغا سالماڭ. قىزىنى ماڭا چوّرىلىككە بەرسە، بوپتوّ قەرزدىن كېچەي ...
سودىگەر شوّنداق دېگىنىچە، ئىككى ئوّكىسىنى باغرىغا باسقىنىچە قېتىپ توّروّپ قالغان ئايكوّموّشكە سارغوّچ كوّزلىرىنى تىكتى:
— ئاچ - يالىڭاچلىقتىن قوّتوّلىسەن قىزىم. ئەگەر ياخشى ئىشلىسەڭ، يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن.
بوّ گەپنى ئاڭلاپ كاسىپ توّرالماي قالدى:
— ياق، جانجىگەر بالامنى ساڭا بەرمەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئوّ، — بوّنىڭدىن كوّرە مېنى زىندانغا تاشلات!
— ھەي ئېبسى پەسەي، — دېدى مىرشەپبېشى، — ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نانكور! قىزىڭنىڭ بەختىنى ئويلىساڭ بولمامدوّ؟ سەن زىنداندا ياتساڭ، ئوّ بەربىر ئاچلىقتىن

ئۆلىدىغۇ!

— جانابىي مىرشەپبېشى! بىز بۇ قەلەندەر بىلەن سودىلىشىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟ — دېدى سودىگەر، — كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، قەرزنى تۆلەش ۋاقتى ئاللىقاچان توشۇپ بولغان. مەن ئۇنىڭ قىزىنى ئەقەللىي قەرزگە ئەرزىگۈدەك مۇددەت ئىچىدە ئۆيۈمدە ئىشلىتىشكە ھەقلىقتۇرمەن.

— ئەلۋەتتە، — دەپ تەستىقلىدى مىرشەپبېشى ۋە شاپ بۇرۇتلۇق مىرشەپكە ئايكۇمۇشنى كۆرسىتىپ بۇيرۇدى، — تۇت ئۇنى. پازىل خوجىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بار!

مىرشەپ قىزنى ھىمايە قىلىشقا ئىنتىلگەن ئايالنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، ئېيىقنىڭكىگە ئوخشايدىغان بارماقلىرى بىلەن ئايكۇمۇشنىڭ ئورۇق بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرەشكە باشلىدى. ئايكۇمۇش بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى بىلىپ يىغلاپ ۋارقىرايتتى، مىرشەپنىڭ بارماقلىرىنى چىشلەپ، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى.

شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلاپ كاسىپنىڭ قوشنىلىرى چىقىشتى. مەھمۇد غەزەپتىن رەڭگى ئاقىرىپ، مىرشەپبېشى تەرەپكە ماڭدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ بۇ كۈپكۈندۈزدىلا قاراقچىلىق؟ — دېدى مەھمۇد، — جانابىي مىرشەپبېشى، بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىشكە نېمە ھەققى بار ئىكەن ئۇنىڭ؟

ھېچكىمدىن بۇنداق مۇئامىلىنى كۈتمىگەن مىرشەپبېشى

گاڭگىراپ قالدى. قىزنى سۆرەۋاتقان مىرشەپكە ئۇ «توختا» دېگەندەك ئىما قىلدى. بۇ ياخشى كىيىنگەن يىگىت پۈتۈن مەھەللىنى زىلزىلىگە تىترىتىۋەتكەن مىرشەپبېشىغا مانا شۇنداق ئاھاڭدا گەپ قىلغىنىغا قارىغاندا بىرەر بەگ ـ مەگنىڭ ئوغلىدەك قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ــ بەگ يىگىت، بىز ھېچقاچان قاراقچىلىق قىلغىنىمىز يوق، ــ دېدى مىرشەپبېشى مۇلايىملىق بىلەن، ــ ئېغىز يېسە، كۆز ئۇيىلىپتۇ، دېگەن گەپ بار. لېكىن، بۇ كاسىپ ئۇياتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ بىر يىل بۇرۇن ھۆرمەتلىك پازىل خوجىدىن ئون بەش يارماق ئالغانىكەن. ۋاقتىدا تۆلىۋەتكەن بولسا ھېچ ئىش يوق ئىدى. ئەمدى ئۇ قەرز ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئېشىپ ـ ئېشىپ ئوتتۇز يارماققا چىقىپتۇ. پازىل خوجا ئۇنىڭ مۇتەھەملىكىدىن بىزگە شىكايەت قىلدى. بىز ئىشنى ئادىل ھەل قىلىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلدۇق. كاسىپنىڭ پۇلى بولمىسا، قەرز ھېسابىغا قىزى پازىل خوجىنىڭ ئائىلىسىدە بىر قانچە ۋاقىت ئىشلەپ بەرسۇن!

ــ قىزنى قويۇپ بېرىڭلار، ــ دېدى مەھمۇد قەتئىي قىلىپ، ــ ئۇستا قەرزنى تۆلەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە بىر كۈن مۆھلەت بېرىڭ.

ــ بىر كۈن تۇرماق، بىر سائەتمۇ مۆھلەت بەرمەيمەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى پازىل خوجا. لېكىن، ئېھتىياتچان مىرشەپبېشى توپلانغانلارنىڭ يۈزلىرىدىكى ئاشكارا غەزەپ ـ نەپرەتنى كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئاز «يۇمشىدى».

— ئۇستا، ماۋۇ يىگىتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مەيلى، ساڭا يەنە بىر كۈن مۆھلەت بېرەيلى. ئەتە خۇددى مۇشۇ ۋاقىتتا بىز يەنە كېلىمىز. ئوتتۇز يارماقنى تەييارلاپ قوي!

سودىگەر ھەم مىرشەپلەر چىقىپ كېتىشتى. نېمە قىلىشنى بىلمەي چارىسىز تۇرغان قوشنا كاسىپلار ئۇستىغا ئېچىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار يانلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ پارچە - پۇرات تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ئۇستىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا باشلىدى. مەھمۇدمۇ يانچۇقىدىكى بەش تەڭگىنى چىقىرىپ بەردى. كۆپ پۇل ئېلىپ يۈرۈشكە ئۇ ئادەتلەنمىگەنىدى. لېكىن، بۇ ئەھۋالدا قەرزنىڭ يېرىمىنىمۇ توپلاپ بولۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇستا ئېچىنىشلىق كۈلۈمسىرىدى:

— مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن. بۇ ياۋۇز پازىل خوجا ئەتە يەنە كېلىدۇ. مېنىڭ جىگىرىمگە چاڭ سېلىۋاتىدۇ بۇ بۆرىلەر. لېكىن، مەن ئۆز قىزىمنى ياۋۇزلارنىڭ قولىغا ھەرگىز بەرمەيمەن. دۇكاننى سېتىپ بولسىمۇ تۆلەيمەن قەرزنى! ھەي، بەگ يىگىت، بىر كۈن مۆھلەت ئېلىپ بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، سىزگە مىڭ - مىڭ رەھمەت!

تۇرمۇش ئازابلىرى قەددىنى پۈككەن بىچارە ئايال:

— دۇكاننى ساتسىڭىز قانداق كۈن كەچۈرىمىز؟! كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىمىزمۇ؟ — دېدى. ئۇستا زەردە

ئارىلاش:

— مەن بىر ەرىگە ياللىنىپ ئىشلەرمەن ياكى ھەممىمىز ئاچلىقتىن ئۆلەرمىز. ھەر ھالدا بۇ قىسمەتتىن شۇمۇ ياخشىغۇ!

— دۇكاننى سېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئوتتۇز يارماق بوگۇننىڭ ئۆزىدىلا قولىڭىزدا بولىدۇ، — دېدى مەھمۇد ۋە تېز - تېز يۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن ناتونۇش يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ھەيرانلىق ۋە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ قالدى.

مەھمۇ ئالدىراپ ئۆيىگە باردى ۋە ھۇجرىسىنى ئاختۇرۇپ ساتقۇدەك نەرسە ئىزدىدى. كىتابلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. لېكىن، ئۇلاردىن بىرەرىنىمۇ ساتقۇسى كەلمىدى. ئاخىر دادىسى سوۋغات قىلغان خەنجەر ئېسىگە چۈشتى. بۇ خەنجەرنى ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئىچىپ باقمىغانىدى. بالاساغۇنغا بېرىپ كەلگۈچىمۇ خۇرجۇندىن چىقىرىپ باقمىغان دېيىشكە بولاتتى. مەھمۇد ئۇنى قولىغا ئېلىپ يورۇققا تۇتتى. پىل سۆڭىكى ساپلىق خەنجەرنىڭ پولات تىغى كۆزنەكتىن چۈشكەن نۇردا يالتىرىدى.

«بۇخەنجەرنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن بىر بەگ ياكى سەركەردە بولمىسام، ئۆزىنى ئىلىمگە بېغىشلىماقچى بولغان كىشىگە قان تۆكىدىغان قورالنىڭ نېمە كېرىكى؟»

ئۇ خەنجەرنى ئالغىنىچە ئالدىراپ بازارغا قاراپ ماڭدى. ساندۇق، ئىگەرگە ئوخشاش نەرسىلەر سېتىلىدىغان بىر نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەستىدە توختىمايلا ئۇدۇل قورالسازلىق رەستىسىگە باردى. دۇكانلاردا تۈرلۈك - تۈمەن قورال - ياراغلار بار ئىدى. بەزى سودىگەرلەر ۋە ئەسلىھەسازلىق ھۈنەرۋەنلىرى نەيزە، كامان ئوقلىرى، پولات بىسلىق پىچاقلارنى يەرگە يېيىپ قويۇشقانىدى. مەھمۇد خەنجەرنى قولىدا تۇتقىنىچە ئۇياق - بۇياققا يۈردى - دە، «بىرەر دۇكاندارغا كۆرسىتىپ باقايمىكىن» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا پوزۇر كىيىنگەن بىر ئاتلىق ئادەم ئۇنى چاقىردى:

— ھەي يىگىت، قولۇڭدىكىنى ساتامسەن؟

— ھەئە، ساتىمەن، — دېدى مەھمۇد سۆيۈنۈپ، — ياخشى خەنجەر، ئېلىڭ، ئەرزان بېرىمەن.

— قېنى بىر كۆرەيچۇ!

خۇددى ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك زەرباب تون ئىچىگە پولات ساۋۇت كىيىۋالغان قاۋۇل ۋە گەۋدىلىك كەلگەن، تۇرقىدىن يۈز بېشىغا ئوخشايدىغان ئاتلىق ئادەم خەنجەرنى غىلاپتىن سۇغۇردى، بىسىنى ئۇدۇر - بۇدۇر بارماقلىرى بىلەن سىلاپ كۆردى، پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان دەستىسىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالدى.

— خوش، قانچىگە بېرىسەن؟

— ئوتتۇز يارماققا، ئۇنىڭدىن كەم بولسا بولمايدۇ.

يۈز بېشى دەسلەپىدە ئانچە ئىشەنمىدى. ئۇ كە بولغاندا يۈز - يۈز ئەللىك يارماق سورار، دەپ ئويلىغانىدى. نېمىشقا ئەرزان ساتماقچى بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ يىگىت بىر بولسا تازا تەجرىبىسىز

بىر گول ياكى بولمىسا خەنجەرنىڭ بىرەر چاتىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى يۈز بېشى. ئۇ خەنجەرنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. خەنجەرنىڭ ھەقىقىي مال ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن دەرھال ھەميانىنى چىقاردى ۋە ئوتتۇز تەڭگىنى ساناپ بەردى. مەھمۇد كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ، يەنە كاسىپلار مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى.

## 12

ئارىدىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندە مەھمۇد ئۇستازى ئابدۇرېشىتنىڭكىگە باردى. مۇدەررىسنىڭ ئۆيى مەدرىسىگە يېقىن يەردىكى تىنچ كوچىلارنىڭ بىرىدە ئىدى. ئۇستاز بىلەن شاگىرت قىزغىن ئەھۋال سوراشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار گىلەم سېلىنغان سۇپىدا ئولتۇرۇشتى. مۇدەررىسنىڭ ئون بەش ياشلاردىكى ئوغلى داستىخان سېلىپ، قەنت - گېزەك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. مۇدەررىس مەھمۇدنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. مەھمۇد ئۇستازىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن، نازۇ - نېمەتلەرگە بىر - ئىككى قېتىم قول ئۇزاتتى.

— دادىڭىز زىياپەت بەرگەن كۈنى كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، سىز بىلەن ياخشىراق سۆھبەتتە بولالمىغانىدىم، — دېدى مۇدەررىس، — بۈگۈنكى قەدەم تەشرىپىڭىز مېنى بەك خۇشال قىلدى. بالاساغۇن ئاجايىباتلىرى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەرسىڭىز.

مەھمۇد سەپەر تەسىراتلىرى، يۇسۇف خاس ھاجىپ ھەم بالا ـ ساغۇنلۇق باشقا ئالىملار ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ مەسلىھەتلىرى توغرىسىدىمۇ قىسمەن توختالدى.

ــ ئۇلۇغ ھاجىپ ناھايىتى توغرا دەپتۇ، ــ دېدى ئۇستاز ئابدۇرېشىت بىر پەس ئويغا چۆكۈپ، ــ دەرھەقىقەت، تىل ئىلمىنى تولۇق ئىگىلىمەيمەن دېگەن ئادەمگە باغداد مەدرىسىلىرىدىنمۇ ياخشىراق دەرگاھ يوقتۇر.

ھاجىپنىڭ لۇغەت تۈزۈشكە كىرىشىش توغرىسىدىكى مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ، شاگىرتىنىڭ ئىستىداتىغا ھېچبىر شۈبھىسى قالمىغان ئابدۇرېشىتتەك ئادەممۇ بىردەم گاڭگىراپ قالدى.

ــ ئوھوھو، لۇغەت تۈزۈش دەڭ! بۇ پەقەر ئالىملارنىڭ ئالىمى، دانالارنىڭمۇ ئەڭ يۈرەكلىكى جۈرئەت قىلالايدىغان ئىشتۇر، دېمەك ھاجىپ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا بۈيۈك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە!

ــ سىز مۇبالىغە قىلىۋېتىڭىز، ئۇستاز، ــ دېدى مەھمۇد ئويالغاندەك بولۇپ، ــ ئۇلۇغ ھاجىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت كۆپ بىلىم توپلاش كېرەك، دېدى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر قانداق ئالىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دانىشمەنلەرنىڭ بىلىملىرىنى

چوڭقۇر ئۆگەنمىسە ۋە بۇ تەجرىبىلەرگە تايانمىسا، ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى مۇدەررىس، — ئەمما تەن ئالماق كېرەككى، ئەمدى قەشقەر مەدرىسىدە تەھسىلنى داۋاملاشتۇرۇش بىلىمنىڭ يېڭىچە بىر نەرسە قوشالمايدۇ. توغرا، بەزىلەرنى شۇنچىلىك بىلىمنىڭ ئۆزى قانائەتلەندۇرىدۇ، ئۇنداقلار ئارتۇقچە جاپا تارتىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، مەن سىزدە ئەمدىلا قانىتى چىققان بۈركۈت بالىسىنىڭ شىجائىتىنى كۆرۈۋاتىمەن. شەك - شۈبھە يوقكى، بۇ بۈركۈت ئىلىم - پەننىڭ يۈكسەك چوققىلىرى ئۈستىدىن غەلىبىلىك پەرۋاز قىلىپ ئۆتكۈسىدۇر.

مەھمۇد ئوڭايسىزلىنىپ قىزاردى. ئارىغا جىملىق چۈشتى.

مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى. ساۋاقداش تالىپلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان مەسچىتلەردە ئىماملىقنى، تۈرلۈك مەكتەپلەردە مۇئەللىملىكنى ئىگىلەپ بولۇشقانىدى. بەزىبىر ئىلىمگە تەشنالىرى بۇخارا، مەرۋ ياكى نىشاپور مەدرىسلىرىدە تەھسىلنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشكەنىدى.

مۇدەررىسلەر مەھمۇدقا ئۆزلىرى ئوقۇغان شەھەر ۋە ئۆلكىلەردىكى مەدرىسلەرگە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىشاتتى. مەھمۇد بولسا پەقەت باغداد ھەققىدە ئويلايتتى. مۇدەررىسلەر خەلىپىلىك پايتەختى بولمىش باغداد مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئىلىم

ـ پەننىڭ ئەڭ يىرىك مەركىزى ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. لېكىن، ئۇ يەردە ئوقۇش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل بىلگەندىن باشقا ئۇزاق يول يۈرۈشكە زور سەرمايە سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت شاگىرتىغا قاراپ تۇرۇپ: «ئۆزى بىر بەگنىڭ يالغۇز ئوغلى، ھېچقانداق رىيازەت چەكمەستىن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇشى ۋە ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئىلىم يولىنى تاللاۋاتىدۇ. ھايات ئۇنىڭغا قوش قوللاپ تۇتۇۋاتقان نېمەتتىن ۋاز كېچىپ، جاپا ۋە ئىزتىراپلارغا تولغان ئىلىم ـ بىلىمنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ يات ئەللەردە ئىلىم ئېلىشنىڭ، ئۆگىنىشنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ مۇساپىرلىقتا ئۆتكەن يىللىرىنى، مەدرىسىلەرنىڭ زەي ھۇجرىلىرىنى كۆپ ئەسكە ئالاتتى. لېكىن، مەھمۇدنىڭ دادىسى باي ـ دۆلەتمەن ئادەم. يانچۇق دۆڭ بولسا يات ئەللەردىمۇ كۈن كەچۈرۈش قىيىن ئەمەس.

ـــ باغدادقا بېرىشىڭىز توغرىسىدا ئاتىڭىزنىڭ پىكرى قانداق؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇستاز ئابدۇرېشىت.

ـــ ئاتام بۇ مەدرىسىدە يەنە بىر ئايلا ئوقۇشۇمغا ئاران رۇخسەت قىلدى، ـــ دېدى مەھمۇد مەيۈسلىنىپ، ـــ تەھسىلنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىمنى قانداق ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن. «ياق» دەۋېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن.

— ئەلۋەتتە، يالغۇز ئوغۇلنى كۆزدىن يىراق يەرگە ئەۋەتىش ئاتىڭىز ئۈچۈن ئېغىردۇر. لېكىن، باشقا شەھەرلەردە ئوقۇپ، ئالىم بولۇپ، ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەن ھەمشەھەرلىكلىرىمىز ئاز ئەمەسقۇ.

— بۇ راست. ئەمما، ئاتام ساراي خىزمىتىگە كىرىشىمنى خالايدۇ، ئالىملىق ساڭا مۇناسىپ ئىش ئەمەس، دەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قوش قىلىچ قىنىغا سىغماس. سىز بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللىۋېلىشىڭىز لازىم.

-- مەن تاللاپ بولغانمەن، ئۇستاز، ئىلىم يولى مېنى ئۆزىگە تارتماقتا. ئالىملارنىڭ كىتابلىرى پىكرۇ - خىيالىمنى بەند قىلىۋالدى.

— ئىلىمگە ئىخلاسىڭىز ھەقىقەتەن چىڭكەن، بۇ يولدىن زادىلا چېكىنمەڭ، مەھمۇد، ئاتىڭىزنىڭ رايىغا بېقىپ ساراي خىزمىتىگە كىرىشىڭىز، چوڭ ئەمەلدار بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا پەقەت ئاتىڭىزنىڭلا ئوغلى بولۇپ قالىسىز. ئەمما، جاپا ۋە مۇشەققەتلەردىن قورقمىسىڭىز خەلقنىڭ ئەزىز پەرزەنتىگە ئايلىنىسىز.

— ياخشى تىلەكلىرىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر، ئۇستاز! — دېدى مەھمۇد.

ئۇستاز ئابدۇرېشىت يەنە ئويغا چۆمدى. قارشىسىدا ئولتۇرغان مانا بۇ يىگىت ئۇزاق بىر سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. «ئۇ مىڭلاپ چاقىرىم يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشى، يىللار داۋامىدا يۈزلەپ

كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىشى، تۇرلۇك شەھەر ۋە مەدرىسلەردە مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن ساۋاق ئېلىشى لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىي تىلىنىڭمۇ مۇشۇ ھازىرغا قەدەر بىرەر ئالىم ئاززاق بولسىمۇ شۇغۇللانمىغان سەرفنەھۋىسىنى يېزىپ، ئىلىم ـ پەن تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۈركىي لۇغەت تۈزۈش ئۈچۈن كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا قاراپ بىپايان ئۆلكىلەرگە چېچىلغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا، كۈزنىڭ يېغىن ۋە پاتقاقچىلىقىدا، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا شەھەر ـ يېزىلار، چۆل ـ باياۋانلار، تاغۇ ـ تاشلار ئارا كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرىدۇ. مىڭلىغان ياخشى ـ يامان ئادەملەر بىلەن سۆھبەتتە بولىدۇ. شۇنداق زور ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇنىڭ ئىرادىسى، سەۋر ـ تاقىتى بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟ ياكى بۇنداق ئۇزۇن سەپەرنى غەلىب بىلەن تۈگىتىش ئۈچۈن، ئومۇمەن، بىر ئىنسان ئۆمرى يېتەرمىكىن ... »

«ياق، مەن نېمە خىياللارنى ئويلاپ كەتتىم؟ شاگىرتىمغا ئاق يول، ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلىشىم كېرەكقۇ. پەرۋەردىگار ئۇنى ھەرخىل بالا ـ قازالاردىن ئاسرىغاي. نۇرغا تولغان ئۆمرى تېخىمۇ ئۇزۇن بولغاي! قۇتلۇق نىيەتلىرىنى روياپقا چىقارغاي! ئۇ يازغان كىتابلار بىلەن پەقەت زامانداشلىرىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇ پەخىرلەنگەي، ئىلاھىم ! ...»

## 13

مەھمۇد كۆك سىرلاقلىق ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى.
ھويلىدا ئويناپ يۈرگەن بالا ئۇنى كۆرۈپ سالام بەردى ـ دە،
ھويلىنىڭ تۆرىدىكى ئۈجمە تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۈجمە
دەرىخىنىڭ سايىسىگە سېلىنغان پالاس ئۈستىدە كاسىپنىڭ
ئايالى يىپ ئىگىرىپ ئولتۇراتتى. ئايكۈمۈش يىپلارنى
توغرىلىغاچ ئانىسىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. بالا بېرىپ ئۇلارغا
خەۋەر قىلدى. ئايال ئىشنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ
مەھمۇدنىڭ كەلگىنىدىن مەمۇدەپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى
يوقاتماي، ئائىلىنى ئېغىر كۈلپەتتىن خالاس قىلغان بۇ كىشىگە
ئىللىق مۇئامىلە قىلدى:
— كېلىڭ، بەگ يىگىت، سىزنىڭ كىرىشىڭىز بىلەن
ھويلىمىز يورۇپ كەتتى! ئايكۈمۈش قىزىم، بەگ ئاكاڭنى ئۆيگە
باشلىغىن!
ئايكۈمۈش تارتىنىپ سالام بەردى ۋە «ئۆيگە مەرھەمەت
قىلىڭ، بەگ ئاكا» دېدى بىرىنچى قېتىم ئۇنى سىزلەپ.
پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى يالتىراشقا باشلىغان مەھمۇد
تاشقىرىدا كەشىنى سېلىپ، تار ۋە پاكار ئۆيگە كىردى. ئۆيدىكى
ئەسكى ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن ـ كۆرپىلەر يىغىلغان ھەم
تەكچىلەرگە قاچا ـ قومۇچلار تىزىپ قويۇلغانىدى. ئايكۈمۈش
سەل كونىرىغان كۆل رەڭ كىگىزگە كۆرپە سېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئولتۇرۇڭ، بەگ ئاكا، — دېدى.

مەھمۇد باداشقان قورۇپ ئولتۇردى.

ئايال كىرىپ داستىخان سالغاچ، ئۇنىڭغا قايتا - قايتا مىننەتدارچىلىق بىلدۈردى. مەھمۇد ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپ، كاسىپنىڭ سالامەتلىكىنى سۈرۈشتۈردى. كاسىپ ھازىر رەستىدىكى ئۆز دۇكىنىدا ئىكەن.

— سىزگە كېرەك بولسا ھازىرلا چاقىرتىپ كېلەي، — دېدى ئايال ئوغلىنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، مەھمۇد دەرھاللا:

— ئۇستىنى ئىشتىن قويماڭ، — دەپ ئۇنى توختاتتى. ئايال چىقىپ كەتكەندى. ئايكۇمۇش كىگىزنىڭ بىر چېتىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. سۆھبەت ھەدېگەندىلا يۈرۈشمىدى. ئىلگىرى ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان گەپدان قىز ئەمدى مەھمۇدتىن ئۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇزۇن كىرپىكلىرى يوشۇرۇپ تۇرغان كۆزلىرى يەرگە قادالغانىدى.

— مەن سەپەردە ۋاقتىمدا يەنە يېڭى قوشاقلارنى ئۆگەنگەنسەن؟ — دېدى مەھمۇد.

— سىز زادى قوشاققا تويمايدىكەنسىز، — دېدى قىز تەبەسسۇم بىلەن، — بالاساغۇندىنمۇ نۇرغۇن قوشاقلارنى يىغىپ كەلگەنسىز؟

— ھە، ئەلۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى بالاساغۇندا ياشايدۇ، — دېدى مەھمۇد، — ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى مىڭ قوشاققا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. مەن مانا بۇ

دەپتەرگە ئاشۇ شائىرنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى يېزىۋالدىم. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئازلا بىر قىسمى. دەرۋەقە، ئۇنىڭغا سىنىڭ قوشاقلىرىڭمۇ ناھايىتى ياقتى، — دېدى ۋە: «ئەپسۇس، ئەگەر خەت ساۋاتى بولغىنىدا ئۇ قىز بىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شائىرلىرىمىزدىن بىرى بولار ئىدى» دېگەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى.

ئاندىن كېيىن مەھمۇد قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئۆمرىدە بۇ شەھەردىن باشقا يەرنى كۆرمىگەن قىزغا ئۆز سەپىرى ھەققىدە ئىلاجىنىڭ بارىچە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاخىر گەپ ئارىسىدا قويىنىدىن تۇگۈننى ئالدى.

— بالاساغۇندىن ساڭا سوۋغات ـ سالاملار ئېلىپ كېلىۋىدىم. لېكىن، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، بېرىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ.

ئۇ تۇگۈننى يەشتى ـ دە، ئاستا قىزنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ قىممەت باھا نەپىس بۇيۇملارنى كۆرگەن قىز داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆز ئۇزەلمەي ھەيران بولۇپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئالغاچ كەلدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئايكۇمۇش، بۇلار ساڭا ئۇزۇن سەپەردىن خاتىرە، — دېدى مەھمۇد غۇرۇرلىنىپ.

— بەكمۇ چىرايلىق بۇيۇملار ئىكەن، — دېدى ئايكۇمۇش نېمە ئۈچۈندۇر مەيۈسلىنىپ، — بۇلار پەقەت بايلارنىڭ

قىزلىرىغىلا يارىشىدۇ. ئانام ئۆمرىدە كۆرمىگەن نەرسىلەرنى تاقىمىغانغا ھېچ يېرىم خوراپ قالماس ...

كاسىپ قىزىنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن مەھمۇد ھەيرانلا بولۇپ قالدى. ئۇ قىممەت باھالىق زىبۇ ـ زىننەتلەر ئايكۇمۇشنى سۆيۈندۈرەر، دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ نەقەدەر يېڭىلىشكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى.

— سېنى خاپا قىلماقچى ئەمەس ئىدىم، ئايكۇمۇش، — دېدى ئۇ ئۆز خاتاسىغا ئەستايىدىل ئىقرار بولۇپ، — پەقەت ماڭا شۇنچە قىممەتلىك قوشاقلارنى ئېيتىپ بەرگەن ئادىمىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارماي دېگەنىدىم. ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنىڭ مەن ئۈچۈنمۇ ھېچبىر قەدىر ـ قىممىتى يوق. سېنىڭ بىر قوشىقىڭلا بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىممەتلىكتۇر.

ئايكۇمۇش بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شۇنچە ياخشىلىقلارنى قىلغان، ئۆزىنى ئېغىر پالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان يىگىتنى رەنجىتكۈسى كەلمىدى بولغاي، «بوپتۇ، ماۋۇنى ئالاي» دەپ ئەتىر قۇتىسىنى ئالدى ۋە ئۇنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ قىزىقسىنىپ قارىدى. نېپىز شىشە قۇتا ئىچىدىن قىپقىزىل سۈيۈقلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايكۇمۇش شىشە قۇتىنى چايقاپ، ئەتىرنىڭ كۆپۈكلىنىپ كۆبجۈشنى تاماشا قىلدى.

— ئەتىرنى گۈلدىن ئېلىشىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ شىشە قۇتىنىڭ ئىچىدە قانچە گۈل باردۇر؟ — دېدى خۇرسەن بولۇپ

ئايكومۇش، ــ قىزلارغا بۇنى كۆرسەتسەم ھەممىسى «پاھ» دەپ قېلىشى مۇمكىن. قالغانلىرى كېرەك ئەمەس، ئېلىۋېلىڭ ئۇلارنى.

مەھمۇد ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇگۈننى ئوراپ قويىنغا سالدى. بىر تال ئەترىنى بولسىمۇ سوۋغات قىلالىغىنىغا ئىچىدە بەك خۇشال بولدى.

ــ بالاساغۇنلۇق ئۇلۇغ شائىرنىڭ قوشاقلىرىدىن ئوقۇپ بەرمەمسىز؟ ــ دەپ سورىدى ئايكومۇش.

ــ ئەلۋەتتە، ئوقۇپ بېرىمەن، ــ دېدى مەھمۇد، ــ كىتابنى شۇ نىيەتتە ئېلىپ كەلدىمغۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايكومۇشنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانراق بىر بابنى بەلگىلەپ قويغانىدى. بۇ بابتا باھار پەسلى ماختالغان بولۇپ، تەبىئەتنىڭ قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ جانلىنىشى ۋە كۆكلەم تونىنى كىيىشى تەسۋىرلەنگەنىدى.

مەھمۇد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئايكومۇش:

ــ قوشاقتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىڭ، ــ دېدى.

مەھمۇد ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى زور مەمنۇنىيەت بىلەن بەجا كەلتۈردى. لېكىن، ئايكومۇش:

ــ بۇنداق ياخشى قوشاقنى ھازىرغىچە ھېچبىر ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. يەنە ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى ھەييارلارچە

كۆلۈمسىرەپ.

مەھمۇد يەنە ئوقۇپ بەردى. ئۇ ھازىر ئايكۇمۇشكە يەنە يۈز قېتىم ئوقۇپ بېرىشكىمۇ تەييار ئىدى.

— بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇشنى مەنمۇ بىلىمەن. ماڭا بېرىڭا كىتابنى؟ — دېدى ئايكۇمۇش كۈتۈلمىگەندە.

ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاۋايلاپ تىزىغا قويدى ـ دە، يۈزىگە جىددىي ۋە ئۇلۇغۋار تۈس بېرىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى كىتابنىڭ بېتىگە قادىدى، ھەتتا ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن قۇرلارنى كۆرسىتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر ئاز دۇدۇقلاپ قالغان بولسىمۇ، بەتنىڭ ئاخىرىغىچە دېگۈدەك خاتاسىز ئوقۇپ بەردى.

— ئاپىرىن، ئايكۇمۇش! — دېدى مەھمۇد ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — سەن ناھايىتى ياخشى ئوقۇدۇڭ! ھېچبىر مۇبالىغىسىز ئېيتىمەنكى، سەن بىزنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇغان بولساڭ ساۋاقتا ھەممىدىن ئېشىپ كېتەركەنسەن. پەقەت ھازىر كىتابنى تەتۈر تۇتۇۋالدىڭ. لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق.

— ماڭا بۇ قوشاقنى كۆچۈرۈپ يېزىپ بېرىڭ، — دېدى ئايكۇمۇش يىگىتنىڭ ماختاشلىرىدىن سۆيۈنۈپ، — قىزلارغىمۇ ئوقۇپ بېرەي. ئوقۇشنى ئۆگەنگىنىمنى ئۇلارمۇ بىلىپ قالسۇن. بۇ ئۇلارنى ماۋۇ ئەترىدىنمۇ كۆپرەك ھەيران قالدۇرىدۇ.

مەھمۇد دەرھال دەپتىرىدىن پاكىز بىر ۋاراقنى يىرتىۋالدى ـ دە، شېئىرنى ئۇنىڭغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈردى. ئويلاپ

تۇرۇپ، قىز بىچارە ئوقۇۋاتقىنىدا يەنە ئادىشىپ قالمىسۇن دەپ، قەغەزنىڭ يۇقىرىسىغا ئېچىلغان قىزىل گۈلنىڭ رەسىمىنى سىزدى. يوپۇرماقلىرىنى قەلەم بىلەن بويىدى.

— ئوقۇيدىغان ۋاقتىڭدا شۇ نەرسىگە دىققەت قىلغىنىكى، ماۋۇ گۈلنىڭ رەسىمى يۇقىرى تەرەپتە بولسۇن، — دەپ ئۇقتۇردى ئۇ.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى ئايكۈمۈش، — ئاخىر گۈل ھېچقاچان يەرگە قاراپ ئۆسمەيدىغۇ.

## 14

كۈز پەسلى. دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، ئالتۇن تۈسكە كىردى. قەشقەر ئاسمىنى كۈزدە ئوچۇق ۋە بۇلۇتسىز بولۇپ، ھاۋا - يېغىن ئانچە بولمايتتى. يىلنىڭ بۇ پەسلىدە كوچىلەر سېتىش ياكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن پادا - پادا قوي، توگە، ئۆكۈز، كالا ۋە يىلقىلارنى ھەيدەپ كېلىشەتتى. شەھەر سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ۋاڭ - چۇڭ قاپلىغان بازار بولاتتى.

ھوسەيىنبەگنىڭ تەبىرىچە، شۇ كۈنلەردە «بەكلا بىر يەردە تۇرالماس بولۇپ قالغان» مەھمۇد پېشىن ۋاقتىدا قوم دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، جارقىراش - توگىلەرنىڭ

بوزلاشلىرى، قوڭغۇراقلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى ــ ھەممىسى قوشۇلۇپ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاڭلىناتتى.

مەھمۇد دەرۋازىدىن چىقىپ، تېزلا بازارغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ھەرخىل قەبىلىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. ھەممە ئادەم بازارغا مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېلىشىسە، مەھمۇد سۆزگە خېرىدار ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئىشى ئۇنۇملۇك كېتىۋاتاتتى. مەتىنلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە قوشاقلارنى بىر دەپتەرگە، ماقال ـ تەمسىللەرنى، شۇنىڭدەك رىۋايەتلەرنى ئالاھىدە دەپتەرگە يېزىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇ ھەربىر سۆز ياكى گەپنىڭ قايسى قەبىلىگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىپ قوياتتى. ئۇ ئىنتايىن تىرىشچانلىقى تۇپەيلى قەشقەر، قىسمەن ئىسسىقكۆل ۋە بالاساغۇن ئەتراپىدا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ شېۋىلىرىنى خېلى بىلىۋالغانىدى. ئادەملەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بىمالال ئېيتىپ بېرەلەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇ تۈركىي قەبىلىلەر تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنىمۇ توپلايتتى. بەزەن بۇ رىۋايەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق، ھەتتا پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى مەلۇماتلار ئۇچرايتتى. بۇنداق ھاللاردا مەھمۇد بارلىق بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، توغرىسىنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

ئۇ ئاجايىپ «سودا» غا بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن بازارنىڭ نېرىقى چېتىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ

چاغدا ئەتراپقا خىرە - شىرە قاراڭغۇلۇق چۈشۈۋاتقانىدى. بىر قانچە بەتنى تولدۇرۇۋالغىنىغا قارىماستىن، بۈگۈنكى «دارامەت»تىن قانمىغانىدەك «كېچىنى دالىدا ئۆتكۈزىمەن، — دەپ ئويلىدى ئىچىدە، — بەربىر مەن بارغۇچە دەرۋازىلارنى تاقىۋېتىدۇ.»

ئۇ كوچىمەنلەر چۈشكەن يەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇنلاپ جايدا يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ يالقۇنلىرى كۆككە ئۆرلەيتتى. ئۇ يەر بۇ يەردە قەبىلە بايلىرى ئۈچۈن كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەنىدى.

مەھمۇد ئېگىز تاغ باغرىدا گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىشىۋاتقان كەمبەغەل كوچمەنلەرنىڭ توپىغا كېلىپ قوشۇلدى. تاماقتىن كېيىن پاراڭ قىزىدى. ئولتۇرغانلار كۆپنى كۆرگەن ياشانغان بىر پادىچىغا يېلىنىپ، ئۇنى داستان ئېيتقۇزۇشتى. مەھمۇد بۇ سەھرالىق، ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا، سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىنىڭ ساپ، ساددا ۋە ئىنتايىن گۈزەللىكىگە ھەيران بولاتتى.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، كۈندۈزى قاتتىق چارچىغان پادىچىلار گۈلخان ئەتراپىدا قىرىق ياماق چۈشكەن پالاسلارغا يۆگىنىپ ئۇخلاشقا ياتتى. ئۇلاردىن بىرى مەھمۇدقا پۈتۈنرەك پالاس سېلىپ بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇخلىغۇسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاخ - شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ، ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىق ئامالىنى قىلدى. بۇنى كۆرگەن قېرى پادىچى تۈننى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئۇ قەدىمكى

زامانلاردا ياشاپ ئۆتكەن تاغ يۈرەك ھەم سېخىي بىر بەگ ھەققىدە مەھمۇدقا قىسسە ئېيتىپ بەردى. مەھمۇد:

— ھازىرمۇ بىزنىڭ يۇرتلاردا ئاشۇنداق ھىممەتلىك بەگلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھازىرقى بەگلەر خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت، — دەپ زارلىدى پادىچى، — ئۇلاردىن بىرى بىزنىڭ خوجايىن. ئۇنىڭ قامچىسىدىن قان تامىدۇ. ئاتام مۇشۇ بەگنىڭ خىزمىتىدە بىرى ئىككى بولماي دۇنيادىن ئۆتكەن. مەنمۇ شۇنچە يىل خىزمەت قىلىپ بىرەر راھەت كۆرمىدىم.

— خوجايىنىڭىز شۇ قەدەر زالىم بولسا نېمىدەپ ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىسىز؟ — دېدى مەھمۇد، — باشقا بىر بەگنىڭ خىزمىتىنى قىلىسىڭىز بولمامدۇ؟

پادىچى ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلدى.

— يىلان يار بوزدىن قاچۇر، قانچە بارسا يار بوز ئوترۇ كېلۇر [1] بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن نەگىمۇ قېچىپ بارغىلى بولىدۇ، دەيسەن. شۇنداق بەگلەرمۇ باركى، زالىملىقتا مېنىڭ خوجايىنىم ئۇلارغا شاگىرتلىققىمۇ يارىمايدۇ.

— بۇ تەمسىلنى دەپتىرىمگە يېزىۋالاي، — دېدى مەھمۇد ئالدىرىغىنىچە.

تەمسىل دەپتەر بېشىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن دەپتىرىنى يېپىپ جۇزدانغا [1] سېلىپ قويىدى.

[1] يىلان يار بوزدىن قاچىدۇ، لېكىن قاياققا قاچسا ئۇ قارشىسىدىن چىقىدۇ.

يەنە پادىچىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. پادىچى بولسا ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. «مېنىڭ ئالدىراقسانلىقىمدىن رەنجىپ قالمىغاندۇر؟ — دەپ ئويلىدى مەھمۇد خىجىللىق ھېس قىلىپ، — بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرسام بوپتىكەن.»

— گۇناھىمنى كەچۈرۈڭ. بىرەر يېڭى تەمسىلنى ئاڭلاپ قالسام قىممەت باھالىق گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىمەن. ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال دەپتىرىمگە يېزىۋالىمەن.

— سىزدىن زادىلا رەنجىگىنىم يوق، ئىنىم، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى پادىچى، — كىشى سۆلەشۇ، يىلقا يىدلەشۇ②. تۇرقىڭىزدىن بەگ يىگىتكە ئوخشىسىڭىزمۇ، كەمبەغەللەر سۆھبىتىدىن ئەپسىزلىك ھېس قىلمايۋاتىسىز. بۇنداق كىشىلەردىن بىز زادىلا ياتسىرىمايمىز.

مەھمۇد بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

تاڭغا يېقىن كەڭ بوشلۇقتا نەي ساداسى ياڭرىدى. مەھمۇد پادىچىلار بىلەن ئىللىق خوشلاشتى. ئۇ چارچىغان، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشقاندى. لېكىن، مەمنۇن، خۇشال ھالدا شەھەرگە قايتتى.

«بۇ كېچە مەنىلىك ئۆتتى» دەپ ئويلايتتى ئۇ، «ئەنە شۇ قېرى پادىچىسىن ئاڭلىغانلىرىم مەن ئۈچۈن ئون بەگنىڭ سۆھبىتىدىن كۆرە پايدىلىقراق بولدى. يېزىۋالغان تەمسىللىرىم لۇغەت

---

① جوزدان — قاپچۇق، يانخالتا.

② ئادەملەر سۆزلىشىپ، ھايۋانلار پۇرىشىپ بىر - بىرىنى بىلىدۇ.

تۇزۇشۇمگە تازا ئەسقاتىدۇ». ئۇ يول بويى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى ھەققىدە ئويلاپ ماڭدى.

«لۇغەت تۈزمەك مەسئۇلىيەتلىك ئىشتۇر» دېگەنىدى ئۇ، «ھەرگىزمۇ بىر ـ ئىككىلا قەبىلىنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك. ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەرمۇ، كۆچمەنچى قەبىلىلەرمۇ ئۆز تىلىغا، ئۆز قوشاقلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە داستانلىرىغا ئىگە. لۇغەت تۈزۈشكە كىرىشىشتىن ئاۋۋال ئاشۇ بارلىق خەزىنىنى دىلىڭغا پۈتۈۋېلىشىڭ لازىم. شۇ چاغدا سەن، ئېھتىمال، ئانا تىلىمىزنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىشنى بىلگەن تۇنجى ئادەم بولىسەن. بۇ بۈيۈك بىر بەختتۇر، ئوغلۇم ... »

خېلى كۆپ سۆز جەۋھەرلىرىنى توپلىغان مەھمۇد تېخى بۇنى ئاساسىي ئىشقا تەييارگەرلىك دەپ ھېسابلايتتى. باغدادتا ئوقۇپ تىل ئىلمىنى چوڭقۇر ئۆگەنمىسە، تۈركىي تىل نەھۋىنى مۇكەممەل قىلىپ يازالمايدىغانلىقىغا ئۇ ئەمەلدە ئىشەندى. كىتابى ئۇستىدىكى ئىشى ئاستا داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنى تېخى قانائەتلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئىكەن، لۇغەت تۈزۈش ھەققىدە قانداق گەپ بولۇشى مۇمكىن؟ جۇغراپىيەگە ئائىت بىر قانچە كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىپ، تۈركىي خەلقلەر ئورۇنلاشقان ئۆلكىلەرنىڭ چەكسىزلىكىنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىپ، شەھەرلەر، دەريالار، تاغلارنىڭ ناملىرىنى يادلاپ ئالغانىدى. قاچان بولمىسۇن، ئۇ يەرلەرگە قەدىمىنىڭ يېتىشىدىن ھېچقانداق گۇمان

قىلمايتتى. لېكىن، مەھمۇد بۇ ئۆلكىلەرگە ساياھەت ئۇچۇنلا بېرىش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن يولنىڭ ھەربىر بېكىتىدە بىر تالدىن بولسىمۇ يىغىپ، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ئاسمانغا يەتكۇدەك خامىنىنى بەرپا قىلىش.

ئۇ مەستخۇش خىياللارغا بېرىلىپ، ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگىنىنى سەزمەي قالدى. ھويلىدا شەپە چىقارماي مېڭىپ، ھۇجرىسىغا كىردى ۋە جۇزداندىن دەپتەرلەرنى ئېلىپ، تەكچىگە رەتلەپ قويدى. دادىسى ئۇنىڭ كەلگىنىنى سەزگەن بولسا كېرەك، دالاندا ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى.

ھۇسەيىنبەگ خۇشچاق كۆرۈنەتتى. تۇرقىدىن، ئوغلىغا بىر خۇش خەۋەر ئېيتىدىغاندەك سېزىلەتتى.

— ئەمدى باللىقا چەك قويىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى، مەھمۇد. سېنى ئۆيلەندۇرمەكچىمىز، — دېدى ئۇ.

مەھمۇد بىردەم ھەيران بولدى.

ھۇسەيىنبەگ كۈلۈمسىرەپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— كېلىن بولغۇچى ۋەزىر نىزامىددىنىنىڭ قىزى. ئۇنىڭ بىلەن قوش قۇدا بولۇش يەتتە ئۇخلاپ بىر چۈشۈمگە كىرمىگەن. ئۇ كىشى بىر كۈنى گەپ ئارىسىدا: «ھۇسەيىن، ياخشى بىر ئوغلۇڭ بار ـ ھە!» دەپ قالدى. تۇرقىدىن، بالاساغۇنغا بېرىپ خان سارىيىدا بولغانلىقىڭ، يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىكىڭ ئۇنىڭغا يېقىپ كېتىپتۇ. ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئاسانلا رازىلىقىنى ئالدىم. قىزنىڭ تەرىپىگە تىل ئاجىزدۇر.

مەھمۇد گاڭگىراپ قالدى. ھۆسەيىنبەگ بۇنى ياخشىلىققا
بۇرىدى ۋە:
— خۇشاللىقتىن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما يەنە. ئىنشائاللا،
مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە توينى ئۆتكۈزىمىز. تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر.
سوكۇلداپ يۈرۈشلىرىڭنى قوي ئەمدى.
مەھمۇد ئېتىراز بىلدۈردى:
— مېنىڭ ھازىرچە ئۆيلەنگۈم يوق. بىر - ئىككى يىل سەۋر
قىلىسىڭىز.
— نېمە؟ مېنىڭ گېپىمگە كىرمەكچى ئەمەسمۇ سەن؟
كىمسەن ئۆزۈڭ؟ ۋەزىر نىزامىددىن ئۆز قىزىنى ساڭا بەرمەكچى
جۇمۇ؟
— مەن تېخى ئوقۇشۇمنى تۈگەتمىدىم.
— تەھسىل؟ شۇنچە ئوقۇغىنىڭ يەتمىش پۈشتىمىزغا
يېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەدرىسىگە قەدەم باسما.
كىتابلىرىڭنىمۇ كۆزدىن يوقات. تويدىن كېيىن قېيناتاڭنىڭ
ياردىمىدە سارايدىن ساڭا بىر ئىش ئېلىپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
— تېخى باغدادتىمۇ تەھسىل ئېلىش نىيىتىم بار. بىر -
ئىككى يىل شۇ ياقتا ئوقۇۋالاي، شۇنىڭدىن كېيىن ...
— يەنە نېمە باغداد؟ ئەخمىقانە سۆزلىرىڭنى توختات! —
دېدى ھۆسەيىنبەگ غەزەپتىن غال - غال تىترەپ، — كىتابلار
سېنىڭ كاللاڭنى ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئوت قويۇۋېتىمەن ھازىر
ھەممىسىگە!
شۇنداق دەپ ئۇ قولى بىلەن تەكچىدىكى كىتابلارنى يەرگە
ئىتتىرىپ چۇشۇردى ۋە پۇتى بىلەن تەپتى. سىياھ قۇتىسى

ئۆرۈلۈپ، بىر نەچچە كىتاب قاپقارا سىياھقا مىلەندى. ھۆسەيىنبەگ ئىنجىقلاپ ئۈچ ـ تۆت قېلىن كىتابنى شارتىلدىتىپ يىرتىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنى ئايىغىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ تەپكىنىچە: «ئوت قويۇۋېتىمەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

قىيا ـ چىيانى ئاڭلاپ ئۆيگە مەھمۇدنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى.

— ھەممىسىگە سەن سەۋەبچى! — دەپ ۋارقىرىدى ھۆسەيىنبەگ ئۇنىڭغا، — ئادەمگە ئوخشايدىغان تۈزۈك بىر بالا تۇغۇشنىڭ ئورنىغا كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان موللىنى تۇغۇپ بەردىڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغلۇڭ بىلەن بىللىلا ئۆلگىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟! مال ـ مۈلكۈمنى كىمگە قالدۇرىمەن؟! بۇ پاراسەتسىز ئوغۇل پۈتۈن ئالتۇنلىرىمنى چىرىپ كەتكەن قەغەزگە ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان بولدى.

— شەپقەت قىلىڭ، بېگىم، — دېدى مەھمۇدنىڭ ئانىسى قورقىنىدىن تىترەپ، — ئوت تۇتۇنسىز، يىگىت يازۇقسىز[1] بولماس. ئوغلۇمنى ئۆزۈم كۆندۈرىمەن. ياشلىق قىلىپ «ياق» دەپ قويغاندۇ.

— كۆندۈرسەڭ كۆندۈر، — دېدى ھۆسەيىنبەگ بىر ئاز ئاچچىقىدىن يېنىپ، — مەن ھەممە ئەئيانلار ئالدىدا «ۋەزىر بىلەن قۇدا بولىدىغان بولدۇق» دەپ ماختىنىپ كېتىپتىمەن! ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن «ئوغلۇم ئۇنىمىدى» دەيمەن؟ ۋەزىرنىڭ

---

① يازۇق — گۇناھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رازى بولغىنى بىزگە قىلغان چوڭ ياخشىلىقىدۇر. لېكىن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۇنىڭ ھىممىتى غەزەپكە ئالمىشىپ قالسا بىزنى ئۇرۇقىمىز بىلەن قۇرۇتۇۋېتىدۇ جۇمۇ!

دەسلىپىدە ۋارقىراپ غەزىپىنى چېچىۋاتقان ھۆسەيىنبەگ كېيىنكى سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي يىغلامسىراپ ئېيتتى. مەھمۇد ئاتىسىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئېچىنمىدى. ئۇ مەنسەپكە ۋە مال - دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن ھەزەر ئەيلىمەيدىغان بۇ ئېچىنارلىق ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزىدە نەپرەت پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— كۆنىدۇرەلىسەڭ ياخشى، — دەپ يەنە غەزەپلىنىشكە باشلىدى ھۆسەيىنبەگ، — كۆنمىسە، ۋاز كېچمەن بۇنداق بالىدىن! كىتابلىرىنى يەلكىسىگە ئارتىپ يوقالسۇن دەرگاھىمدىن! بىر پارچە نانغا زار بولۇپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقاندا ئەسلەيدۇ مېنى !

ھۆسەيىنبەگ گۈس - گۈس قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئانا - بالا يالغۇز قېلىشتى. ئانىسى كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. دىلى پاراكەندە بولغان مەھمۇد ئانىسىغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى.

ئانىسى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ كېلىن ۋە نەۋرە كۆرۈش ئارزۇ - ئارمىنى بارلىقىنى ئېيتتى:

— سەن دىمەتلىكلەر ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، قانچە ئوغۇل - قىز كۆرۈشتى. ئۆيلىنىش سېنىڭ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭغا ھېچقانداق پۇتلىكاشاڭ بولمايدۇ. تۈنلە يورۇپ كۈندۈز سېۋنۇر،

كىچىكىدە ئېيتۇلەنىپ ئۆلگىيۇ سېيۇنۇر [1]، — دېدى.

مەھمۇد ئەيمەنگەن ھالدا پەقەت ئايكۇمۇشكىلا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئايكۇمۇش دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

مەھمۇد چۈشەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئانىسىدىن يالۋۇرۇپ سورىدى:

— بەلكى سىز بۇ ئىشقا ئاتامنى كۆندۈرەرسىز؟

— قوي، ئوغلۇم. بەرچىن ياماغى بەرچىنگە [2] ... ئاتاڭ ئۆلسىمۇ سەن دېگەنگە رازى بولمايدۇ.

— شۇنداق، ئۇنىڭ رازى بولماسلىقى تۇرغان گەپ، — دەپ باش چايقىدى مەھمۇد، — بىر جەھەتتىن بۇنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغىنىڭىزمۇ تۇزۇك.

تۇيۇقسىز مېڭىسىگە كەلگەن پىكىردىن مەھمۇدنىڭ يۈركى ئارقىسىغا تارتىشىپ كەتتى. ئەگەر ئاتىسى ئۇنىڭ ئۆيلىنىشتىن باش تارتىشىنىڭ سەۋەبى ئايكۇمۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ھېچقانداق رەزىل جىنايەتتىن باش تارتماسلىقى ئېنىق. ئۇ يا بىگۇناھ قىزنىڭ ھاياتى ۋە ياكى ئوغلىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەھمۇد يەردە چېچىلىپ ياتقان كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. يىرتىلغان ۋاراقلارنى بىر - بىردىن تېرىپ ئېلىپ، ئاۋايلاپ جاي - جايىغا

① كېچىسى يول يۈرگەن كۈندۈزى خوش بولىدۇ، ياشلىقىدا ئۆيلەنگەن قېرىغاندا سۆيۈنىدۇ.

② يىپەك رەختكە يىپەك ياماق مۇناسىپ.

قويدى. كىتابنىڭ سىياھ تۆكۆلگەن بەتلىرىنىڭ ئوقۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆپكىسى ئۆرلىدى، كۆز ياشلىرىنى ئاران توختاتتى.

ئەپسۇسكى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تامام بولسا بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق! ... «ئىلىم يولى قىيىن ھەم تېيىلغاق. جاپادىن قورقمىغان ئادەملا بۇ ۋادىدا ئۆز مەقسەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەننى بالاساغۇنلۇق ئۇلۇغ دانىشمەن. ئۇ نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان. ئۇنىڭ يولىۋرۇقلىرى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇز بولۇپ قالدى. قانداق بولمىسۇن باغدادقا كېتىمەن. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتتىن ئايرىلىش ئېغىر. لېكىن، مەن كىتابلارسىز، ئىلىمسىز ياشيالمايمەن. پەقەت ئايكۆمۈش بىللە كېتىشكە ماقۇل بولارمۇ؟

ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئىمكانىيەت بارلىقىنى ئويلاپ، مەھمۇدنىڭ كۆڭلى يورۇپ قالدى.

ئۇ ھويلىغا چىقتى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر يىغىلىقنى ئاڭلىغاندەك سېزىلەتتى، خىزمەتكارلارمۇ ئۇنىڭغا كۆلۈپ قارىشاتتى. ئوغلىنىڭ رەڭگىرويى بىر ئاز ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن ئانا بۇنى باشقىچە چۈشەندى. دەرھال خىزمەتكارلار بىلەن چۆرىلەرگە يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ئۇلەشتۈرۈپ بەردى، ئانىسىغا قاراپ مەھمۇدنىڭ يۈرىكى يەنە جىغىلدىدى. ئەگەر ئۇ كەتسە ئانا بىچارە نېمە ھالغا چۈشەر؟ نەچچە يىللاپ ئايرىلىپ كەتكەندىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۆزى يات يۇرتلاردا مېھرىبان

ئانىسىنى ئەسلەپ، يۈرىكى قانداق تەشنا بولۇپ كېتەركىن؟ نېمە ئىلاج؟ مېھرىبان ئانا باش ئېلىپ كەتكەن ئوغلىنى ئەسلەپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ توختار. لېكىن ۋاقتى كېلىپ، مەھمۇدنىڭ مەقسەتلىرى ئىشقا ئاشسا پەخىرلىنەر ...

## 15

مەھمۇد خېلىغىچە كىرپىك قاقماي تورۇسقا تىكىلىپ ياتتى. بىر نەچچە قېتىم قولىغا كىتاب ئالدى، لېكىن ئوقۇيالمىدى. ئۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ھېس قىلغانسېرى ئازابلىناتتى. ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىسا، بۇ ئۆيدە داۋاملىق ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، باش ئېلىپ كېتىشتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن بۇ ئىش تېتىشقا ئاسان ...

كۆز ئالدىدا يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ نۇرلۇق سىماسى نامايان بولغاندىلا مەھمۇدنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك يېشىلدى. «ئاتا ـ ئانام مەندىن ۋاز كەچتى. بۇ دۇنيادا تەنھا بىر ئۆزۈم قالدىم» دەپ ئويلىغان يىگىت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ئاخىر، ئەڭ چۈشكۈن دەقىقىلەردىمۇ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، مەدەت بەرگۈچى كىشى بار ئىكەن.

«دادىل بول، مەھمۇد، — دېگەنىدى يۈسۈف خاس ھاجىپ، — نېمە چارە، زامانىمىزدا ئىلىم پىدائىيلىرى ئۈچۈن توسالغۇسىز ساناقسىز، ئازار ـ ئەلەملەر چەكسىزدۇر. بىلىم يولىدا كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان پالاكەتلەرگە دۇچار بولۇش، تۇغۇلغان ئۆيدىن، ۋەتەندىن جۇدا بولۇش مۇمكىن. ئەمما، ساڭا ئۆزۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى بىر مىسالنى ئېيتىپ بېرەي. ياش ۋاقىتلىرىمدا مۇشەققەتلەردىن قورققان بولسام (قۇتادغۇبىلىك) نى يارىتالايتتىممۇ؟ مانا ئەمدى قېرىغىنىمدا گۈزەللىككە ۋە ئېزگۈلۈككە تەشنا خەلقىم ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ خەيرلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدىمغۇ، دەپ خۇش بولىمەن. (كىچىكىدە قاتىغلانسا، ئۇلغايۇ سېۋىنۇر)① دېگەن گەپ بار. بۇنى ھەر دائىم ئېسىڭدە تۇت، ئوغلۇم».

«مەن ئۆز يولۇمدىن ھەرگىز قايتمايمەن ئۇستاز» — دېدى مەھمۇد خىيالەن، — «سىز مېنىڭ قەلبىمگە ئۈچمەس ئوت ياقتىڭىز. بىباھا يولىيورۇقلىرىڭىز ئەڭ قىيىن چاغلاردا ماڭا مەدەت بولماقتا. شۇلارغا تايىنىپ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى مەغلۇپ قىلىمەن» ...

مەھمۇد ئەتىگەندە ناشتىمۇ قىلماستىن كوچىغا چىقتى. لېكىن، دەرسكە بارمىدى. چۈشكىچە شەھەرنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ كىرمىگەن كوچا قالمىدى، دېسىمۇ بولىدۇ. چوڭ - كىچىك كوچىلاردا، يوللاردا، بازارلاردا سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا خېلى قاتراپ يۈردى. ئۇ ئانا شەھىرىنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھەممە نەرسە كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنەتتى. ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى ئۆيلەر، دەرەخلەر، توختىماي سايرىشىۋاتقان قۇشلارمۇ كونا قەدىردانلىرىدەك ...

مەھمۇد ئەتەي دەرس تۈگەيدىغان پەيتنى مۆلچەرلەپ مەدرىسىگە باردى. مۇدەررىس ۋە تالىپلار ھازىرلا تارقىشىپ

① ياشلىقتا قىينالسا، ياشانغاندا سۆيۈنەر.

كەتكەن. يالغۇز قاراۋۇل بوۋايلا ئۇزۇن سۇپۇرگە بىلەن ھويلىنى سۇپۇرۇپ يۈرەتتى. مەھمۇد كۆل بويىدا توختىدى. تېرەك يوپۇرماقلىرى شىر ـ شىر قىلىپ يەرگە چۈشەتتى. سۇنىڭ يۈزى يوپۇرماق خازانلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. كۆل بويىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا بۇلتۇر باھاردا مەھمۇد ئۆز قولى بىلەن تىككەن تېرەك كۆچىتىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ نوتىلىرىدىكى ئىككى ـ ئۈچ تال يوپۇرماق شامالدا پىلدىرلاپ تۇراتتى.

مەھمۇد مەدرىسىدىن ئاستا يىراقلىشىپ، شەھەر سىرتىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ خىياللارغا چۆكۈپ كەتكەچكىمۇ ساي بويىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. باش باھار كۈنلىرى ئايكۆمۈشنى دەسلەپكى قېتىم مانا شۇ يەردە كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا ئەتراپنى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغان، ھەر كۈنى دېگۈدەك يامغۇر شارقىراپ يېغىپ تۇرغان، سايىنىڭ سۈيى كۆبجۈپ، قىرغاقلىرىدىن تېشىپ چىققانىدى.

ھازىر مەنزىرە باشقىچە، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ سارغىيىپ قالغان، سايىنىڭ سۈيىمۇ كېمەيگەن، پەقەت بىپايان ئاسماندىكى ئاندا ـ ساندا بۇلۇتلارلا باھار پەيتلىرىنى سەل ـ پەل ئەسكە سالاتتى. مەھمۇد ھېچكىم يوق ساي بويىدا ئايلىنىپ يۈرگەچ ئايكۆمۈش بىلەن بولغان بارلىق ئۇچرىشىشلارنى ئەسلىدى. بۇلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ۋە ئۇنتۇلماس دەملەر ئىدى.

ئۇ ئانا شەھىرىنى بىر نەچچە يىل تەرك ئېتىش لازىملىقىنى ئۆزىگە قايتا ـ قايتا ئەسكەرتىپ، بۇ پىكىرگە كۆنۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن، ئايكۆمۈشتىن جۇدا بولۇشنى ئويلىسا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

بۈگۈن قانداق بولمىسۇن قىزنى كۆرۈشكە، بېشىغا چۈشكەن قىيىنچىلىقتىن ئۇنى خەۋەردار قىلغاچ، يۈرىكىدىكى دەردلەرنى تۆكۈپ تاشلاشقا قارار قىلدى. شۇ نىيەت بىلەن كاسىپلار مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مەسچىت ئەتراپى ئادەملەردىن خالىي بولمىسىمۇ، ھېسسىياتلىرى تولۇپ تاشقان مەھمۇد غەم - ئەندىشىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ كۆلدىن سەل نېرىراقتىكى تالغا يۆلەنگىنىچە سۇغا كەلگەن قىز - چوكانلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆل تەرەپكە كېلىۋاتقان ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدىكى مەشۇقىنى تونۇپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. قىزمۇ مەھمۇدنى كۆردى. ئايكۇمۇشنىڭ يۈزىگە يامرىغان تەبەسسۇمنى كۆرۈپ مەھمۇدنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى. قىزلار كوزىلىرىنى سۇغا تولدۇرۇپ ئارقىلىرىغا قايتىشتى. ئايكۇمۇش ئەتەي ئۇلاردىن كېيىنرەك سۇ ئېلىپ ئارقىدا قالدى. مەھمۇد پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قىزلار ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولغاچقا، يوللىرىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى. بەزىدە قىزىقسىنىپ، ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قاراپ قويۇشاتتى. ئايكۇمۇش كوزىسىنى يەرگە قويۇپ مەھمۇد بىلەن سالاملاشتى. ئۇ يېڭى كۆڭلەك كىيگەن، بويىمۇ بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— يەنە قوشاق يېزىۋالغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ قۇۋلۇق بىلەن سورىدى ئايكۇمۇش.

— بۈگۈن ماڭا ئەڭ ياخشى قوشاق، بەلكى قوشاقچىنىڭ ئۆزىمۇ كېرەك، — دېدى مەھمۇد.

قىز ھېچنېمە چۈشەنمەي سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ئايكۈمۈش، سېنىڭ بىلەن ۋىدالاشقىلى كەلدىم ...

— نېمە، يەنە بالاساغۇنغا كەتمەكچىمۇسىز؟

— ياق، ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرگە، ئېھتىمال بەش - ئون يىل مۇددەت بىلەن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ... ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە قەشقەردىن پۈتۈنلەي كېتەرمەن.

— پۈتۈنلەي كېتەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى ئايكۈمۈش ئاۋازلىرى تىترەپ.

— سەۋەبى شۇكى، ئاتاملار مېنى ئۆيلەندۈرمەكچى. ۋەزىرنىڭ قىزىغا ... كېرىكى يوق ماڭا ئۇنىڭ ... مەن پەقەت سېنى سۆيىمەن، ئايكۈمۈش. ماڭا باشقا ھېچكىم كېرەك ئەمەس! ئەگەر رازى بولساڭ بىللە كېتەيلى. بەش - ئالتە يىلدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىمىز ...

قىز تاشتەك قېتىپ قالدى. مەھمۇد بولسا ھاياجاندىن خورسىنىپ، نەپىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك سۆزلەيتتى.

— مەن سېنى ئەتىگەنلىك ئەزان ۋاقتىدا ساي بويىدا كۈتىمەن. ياشرۇ[1] كەلگىن بولامدۇ؟ بىللە قېچىپ كېتەيلى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ ئاخىر، تۇتۇۋېلىپ چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەمدۇ بىزنى؟ مەن كەلمەيمەن، — دېدى قىز. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇق - بولدۇق ياش تۆكۈلەتتى.

— قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا ھېچكىمنىڭ بىز بىلەن كارى بولمايدۇ، — دەپ يەنە پىچىرلاشقا باشلىدى مەھمۇد.

---

① ياشرۇ — يوشۇرۇن.

لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئايكۇمۇشنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ھاجايان ۋە نومۇستىن قىزارغىنىچە كوزىسىنى كۆتۈردى:

— خەير، سالامەت بولۇڭ! قىزلار كۈتۈپ قالدى مېنى. ئىلاھىم، بالا - قازادىن ساقلىسۇن سىزنى! ھەر كۈنى دۇئا قىلىپ تۇرىمەن سىزگە ...

تېخى ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى ئۆچمىگەن يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاران چىقتى:

— كېلەمسەن، ئايكۇمۇش ؟ مەن سېنى كۈتىمەن!

— بارالمايمەن، قورقىمەن!

مەھمۇد ھالسىزلىنىپ يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، قۇلاقلىرى ئاڭلىمايتتى، بېشى توختىماي زىڭىلدايتتى. مەسچىت ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە ئادەم بۇ دىۋانە يىگىتكە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

مەھمۇد ئورنىدىن تۇردى - دە، يەنە ساي بويىغا قاراپ يول ئالدى. نىھايەت، سۆيۈملۈكى بىلەن مەڭگۈلۈك ھىجراننىڭ باشلانغىنى راست بولسا؟ بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى زېھىن قويۇپ مۇلاھىزە قىلىشقا ئۇرۇندى. ئويلاپ - ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدى ... ئۇ ئايكۇمۇش بىلەن ھېچقاچان بۇ توغرىدا سۆزلەشمىگەن ئىدىغۇ! قىز ئۇنىڭ بىلەن دائىم ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلسىمۇ، مەھمۇدقا كۆڭلى بارلىقىنىڭ بىرەر ئالامىتىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ باقمىغانغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، قىزغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئۇنىڭ نېمە ھەققى بار؟ ... ئايرىلىش ئالدىدا ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ۋىدالىشىش ئورنىغا

ئۇ تەلۋىلىك قىلىپ ئايكۆمۈشنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ قويدى.
مەھمۇد سىرلىق يېزىقلار ئويۇلغان تاشنىڭ يېنىغا باردى. قاش قارىيىشقا باشلىغان، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. سوغۇق شامال ئۇنىڭ قايغۇسىغا شېرىك بولغاندەك مۇڭلۇق ھۇۋلايتتى.
ئۇ چوڭقۇر ئۇستەڭدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا تىكىلدى. سۇ شىددەت بىلەن تاش ۋە قىيالاردىن ئېتىلىپ ئۆتۈپ، غۇجەكلىنىپ ئالغا ئىنتىلەتتى، ئەجەبا، سۇمۇ ئۆز يولىدىكى توساقلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىپ ئۆتىدىكەن، دەپ ئويلىدى مەھمۇد. ئۇ كۆزلىرىنى سايدىن ئېلىپ يۇقىرىغا قارىدى. سۈزۈك ئاسماندا بىر توپ قۇشلار ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. قىش يېقىنلاپ قالغانىدى ...
قىش تۈگەپ، كۆكلەم كەلگەندە بۇ ئەتراپ يەنە چېچەكلەر بىلەن قاپلىنىغۇسىدۇر. شۇ چاغدا ئايكۆمۈش قىز دوستلىرى بىلەن ساي بويىغا چۇشسە كېرەك. مەھمۇد بولسا كېلەركى باھارنى قايسىبىر يات ئۆلكىدە كۈتۈۋالىدۇكى، ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟
«ئەلۋىدا، ئەي قوشاقچى قىز! — دەپ خىيالەن ۋىدالاشتى مەھمۇد، — ئىلىم - بىلىم يولى مېنى ئۆز يۇرتۇمنى كۆپ يىللارغىچە تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلماقتا. لېكىن، قانچىلىك نەرسىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، مەن ئۆز كىتابلىرىمنى يېزىشىم كېرەك. يۇرتۇمنىغۇ يەنە ئەلۋەتتە كۆرەرمەن. لېكىن، ئاھ، سېنىڭدىن ئەبەدىي جۇدا بولدۇم. پەقەت قوشاقلىرىڭلا مەن بىلەن بىللە قالىدۇ. ئۇلار ئېغىر ئايرىلىش دەملىرىدە سېنى، خەلقىمنى، ۋەتىنىمنى ئەسلىتىدۇ، قەلبىمگە مەلھەم بولىدۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

驼队、穆罕穆德·喀什噶里的童年:维吾尔文 / 吾拉木·凯日木著；图尔荪穆海麦德·派黑尔丁整理. --乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.3
(享受少儿名著丛书. 第3辑)
ISBN 978-7-5469-1444-2

Ⅰ.①驼… Ⅱ.①吾… ②图… Ⅲ.①儿童文学-中篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I287.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第037616号

| | |
|---|---|
| 丛 书 名 | 享受少儿名著丛书 - 3 (3) |
| 书　　名 | 驼队、穆罕穆德·喀什噶里的童年 |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 吾拉木·凯日木 |
| 整　　理 | 图尔荪穆海麦德·派黑尔丁 |
| 责任编辑 | 买哈巴·铁外库 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 阿不都热依木·阿不力米提 |
| 封面设计 | 努尔买买提·吾买尔 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 3.125 |
| 版　　次 | 2011年3月第1版 |
| 印　　次 | 2011年3月第1次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978 - 7 - 5469 - 1444 - 2 |
| 总 定 价 | 165.00元 (全10册) |

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلەردىن بەھرىلىنىش مەجمۇئەسى - 3

دەلىل ۋە مۇختار

گۈل ۋە بۇلبۇل

**كارۋان**

شىرزات ۋە گۈلشات

مەنتىقۇتتەير

مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام

دانىشمەن ئوغۇل

بەھرام - دىلئارام

لىسانۇتتەير

يۇسۇف - زۇلەيخا

8.00

ISBN 978-7-5469-1444-2

9 787546 914442 >

总定价：165.00元（全10册）

www.uyghurkitap.com